

5

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى



ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى، مەرھۇم نىساخان ئاچا (1902 - 1987)

توختى ھەسەن فوتوس

شىنجاڭ مەدەنىيىتى — قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

36 - يىل نەشرى — 1987 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 168 - سان)

## بۇ سانىدا

### ئەدەبىيات گۈلزارى

سېرىق سەبدە ...... (ھېكايە) ...... ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 5
ۋەتىنىم ئېيتقاي ساڭا ...... (شېئىر) ...... رەخىم قاسىم 3
پەريادلار ...... (» ») ...... مۇھەممەت خېۋىر 49
كۆز يېشى ...... (» ») ...... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن 51
شائىر سۈرىتى ...... (» ») ...... ماھمۇت مۇھەممەت 52
شېئىرلار ...... (» ») ...... ئەركىنجان روزى 52
چۈچۈك مىسرالار ...... (» ») ...... تۇرسۇن مۇسا 52

### تارىختىن سۆز

جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا ...... (تارىخىي ئوبزور) ...... نىزامىدىن ھۈسەيىن 34

### ئۆرپ - ئادەتلەر

ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى توي مەرىكىسى ...... دىلبەر ھەبىبۇللا قىزى 53

### تۇرمۇش ئەينىكىدە

كىم كاپىر؟ ...... (تۇرمۇشتىن تەرسىلەر) ...... تۇردى سامساق 65

### سەھنە ماتېرىياللىرى

جاھاننى مىڭ قېتىم كەزسەڭ ...... (ناخشا تېكىستى) ...... مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن 63
سۆيگۈ ناۋاسى ...... (» ») ...... ئەركىن نىزامى 63
سەيدىگۈل ...... (» ») ...... ماھمۇتجان ئىسلام 64
تال باراڭ ...... (» ») ...... نۇرمۇھەممەت جېلىل 64
نېمەتلىككە بېرىڭلار ...... (» ») ...... ھەسەن تىلىۋالدى 64
كىتاب ...... (» ») ...... ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 64

### مەدەنىيەت خەۋەرلىرى

«چەبىيات مۇقامى» خەلقئارا مۇزىكا كۆرىكىگە قاتناشتۇرۇلدى ...... 2
ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى ... 2

### خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسن خەتلەر ...... تۇرسۇن رۇسۇل يازغان 80

مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، مەرھۇم زىكرى ئەلپەتتا (ماي بوياق) ئىمىنجان سىزغان

رەسسام: ئىسمايىل ئىبراھىم، مۇختار ئابدۇراخمان، مۇھەممەت ئايۇپ، تۇرسۇن ئىسھاق

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى؛ جاۋابكار مۇھەررىر: قۇربان مامۇت
مۇھەررىرلەر: قۇربان مامۇت، سائادەت ئابلەت، رىسالەت مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## «چەبىيات» مۇقامى خەلقئارا مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشتۇرۇلىدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت تەتقىقات ئورنى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى تەكلىپكە بىنائەن، ئەنگلىيەدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكا كۆرىكىگە قاتنىشىدۇ.

بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكا كۆرىكىدە ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكىلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى كۆرەك قىلىنىدۇ. بۇ يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدىكى پادىشاھ سارىيىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ كۆرەككە ئەنگلىيە رادىئو - تېلېۋىزىيە شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى سەنئەت تەتقىقات ئورنى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى كومپوزىتور ئەمەتجان ئەھمىدى يېتەكچىلىكىدىكى سەككىز سەنئەتكار قاتنىشىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»نىڭ ئىككىنچى مۇقامى بولغان «چەبىيات مۇقامى»نى ئورۇنلايدۇ، ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدۇ.

بۇ نۆۋەتلىك خەلقئارا ئەنئەنىۋى مىللىي مۇزىكا كۆرىكىگە 14 دۆلەتتىن كەلگەن سەنئەتكارلار قاتنىشىپ، ئېسىل مىللىي مۇزىكىلارنى ئورۇندايدۇ.

جۇرئەت كامىل

## ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلدى

ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تارىخى «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»دىن ئورۇن ئالدى.

«دۇنيا مۇزىكا قامۇسى» ب د ت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، ئۇ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناسلىرى، كومپوزىتورلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى ھەم ئۇلارنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى تونۇشتۇرۇلغان مۇزىكا ساھەسىدىكى ئەڭ چوڭ قامۇس. 1985 - يىلى گۈيياڭدا ئېچىلغان جۇڭگو مۇزىكا ساھەسىدىكى مەشھۇر ئەربابلاردىن «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلىدىغانلارنى تاللاش يىغىنىدا مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا جۇڭگو مۇزىكا ساھەسىدىكى 10 ئەرباب قاتارىدا «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈشكە تاللانغان. ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا تۇنجى قېتىم «دۇنيا مۇزىكا قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇرئەت كامىل

# مەدەنىيەت خەۋەرلىرى




جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 38 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

رەخىم قاسىم

ھەر يىلى كېلىدۇ قۇتلۇق ئۆكتەبىر،
ھەر يىلى قىلىمىز بايرام - تەنتەنە.
شائىرلار يازىدۇ مەدھىيىلەپ شېئىر،
ۋەتىنىم، بۇ بىزدە شانلىق ئەنئەنە.

مەن بۇ يىل تويۇڭغا سوۋغا تۇتقىلى،
ئويلاندىم: يازغىنىم ياخشى نېمىنى؟
نەزمەمدىن خۇش قىلىپ كۆڭلۈڭ ئۇتقىلى،
ئويلاندىم خىلمۇ-خىل مەزمۇن - تېمىنى.

دىتىمغا ياقمىدى نۇرغۇنى بىراق،
بەزىسى كۆدەكلەر پىكرىدەك ئاددىي.
بەزىسى شېئىردىن ھېسسىياتتىن يىراق،
ياپراقسىز يالىڭاچ دەرەخ مىسالى.

بەزىسى دەبدەبە- كۆپتۈرمە پەقەت،
تامام يات رېئاللىق - ساداقەتلىككە.
چەكتىن ئاشۇرۇلسا ئەگەر ھەقىقەت،
تەھقىقكى، ئايلىنار ھاماقەتلىككە.

يۈرەكتىن چىققان سۆز ياقار يۈرەككە،
دىلىمدا بارىنى ئېيتقۇم بار ساڭا.
ۋىجدانىم يول قويماس بۇنىدىن بۆلەككە،
چۈنكى سەن چىنلىقنى ئۆگەتكەن ماڭا...

ۋەتىنىم، تەڭ كۆردۇق ياخشى - يامانىنى،
راھەتتە، جاپادا بولدۇق تەڭ - ئورتاق.
ئۆتكۈزدۇق بورانلىق، تىنچسىز زامانىنى،
بىز باسقان بۇ يوللار چەكسىز ۋە ئۇزاق.

ئىككى كەم قىرىققا ئۇلاشتى يېشىڭ،
بۇ بىر ئەر ئۆمرىنىڭ تېگىدىن ئارتۇق.
تۈمەن خىل ئىشلارغا دۇچكەلدى بېشىڭ،
سەن تارتىپ كۆرمىگەن تەقدىر - قىسمەت يوق.

ئاغدۇرۇپ ئۈچ تاغنى، رۇسلاپ قەددىڭنى،
بالقىدىڭ شەرقتە مىسالى قۇياش.
بەختكە يار قىلىپ يوقسۇل خەلقىڭنى،
يۈكسەك غايىلەرگە ئەيلىدىڭ يولداش.

جۇڭگو دەپ ئاتالغان قەدىمزېمىندا،
باشلاندى ئۆمرۈڭنىڭ يېڭى باھارى.
يارالدى جۇشقۇنلۇق قاينام - تاشقىندا،
خەلقىڭنىڭ جەننەتتەك ئېسىل دىيارى.

شائىرغا ئايلىنىپ گويا ھەممىمىز،
رومانتىك ئويلاردىن تاقىدۇق قانات.
غەلىبەڭدىن سۆيۈنۈپ يۈرەك - قەلبىمىز،
كۈيلىدۇق: «كامال تاپ، بەختىيار ھايات!»

ئەمدىلا ئاغزىمىز تەگكەندە ئاشقا،
كىم كۈتكەن بۇرنىمىز تاشقا تېگەر، دەپ.
كۈلكىنى تېگىشىپ ھەسرەتلىك ياشقا،
كىم كۈتكەن غەم - قايغۇ بەلنى ئېگەر، دەپ.

توپاندەك گۈركىرەپ كەلدى بىر ئاپەت،
گويائاستىن - ئۈستۈن بولدى يەر - ئاسمان.
ئەل ئەجرى ياراتقان شۇ گۈزەل جەننەت،
بولدى بۇ ئون يىلدا بىھۇدە ۋەيران.

پاراغەت ئورنىنى ئالدى نامراتلىق،
ھەتتاكى تويماستىن ئۆتتۇق ئۇماچقا.
ئەگلىمىز مىڭ يەردىن يىرتىق - ياماقلىق،
بىر چاڭگال كۆمۈر يوق تونۇر - ئوچاققا.

سائادەت ئورنىنى ئالدى ھالاكەت،
دىللاردا ئەندىشە، يىراقلادى ئارام.

www.uyghurkitap.com

بىر ھەرىكەت تۈگىسە كەلدى بىر ھەرىكەت،
بولدى خاتىرجەملىك بىز ئۈچۈن ھارام.

خۇشاللىق ئورنىنى ئالدى مۇسىبەت،
كۆپلەرگە قول سوزدى ۋاقىتسىز ئەجەل.
تاپتى بۇندا بازار ناھەقلىق - تۆھمەت،
چىنلىقنى ساختىلىق چەكلىدى تۈگەل.

سادىقلىق ئورنىنى ئالدى كاززاپلىق،
بەدنىيەت، تەخسىكەش سۈرۈشتى دەۋران.
ئاق كۆڭۈل مەردلەرنىڭ كۈنى ئازابلىق،
ماكانى دەشت بولدى ۋە ياكى زىندان.

مېھنەتنىڭ ئورنىنى ئالدى يالغان - لاپ،
ھالال تەر ئاققۇزغان بولدى خارۇ - زار.
كۆردى ھالاۋەتنى تۈزكور تەييارتاپ،
مۇنبەردە گەپ سېتىپ، ۋارقىراپ شۇئار.

مەرىپەت ئورنىنى ئالدى نادانلىق،
يەكلەندى، چەيلەندى ئالىم، شائىرمۇ.
دۆت-لەرنىڭ قولىدا بولدى قۇربانلىق،
نى ئەقىل ئىگىسى، تالانت - ماھىرمۇ...

ۋەتىنىم، بىرمۇ-بىر سۆزلىسەم بۇنى،
بىلىمەن، ئۆپكىدەپ تۆكۈسەن كۆز ياش.
بىر مىليارت خەلقىڭنىڭ شۇ بولدى كۈنى،
بۇ ئازاب - كۈلپەتكە مۇمكىنمۇ چىداش؟!

ئۇ كۈنلەر كەتمىدى كۆپ ئۇزاپ تېخى،
بۇ يۈز يىل بۇرۇنقى تارىخ ئەمەس، ياق!
بەدەندە بار ئۇنىڭ ئۇرۇلغان تىغى
قالدۇرغان جاراھەت، دىلدا دەرد - پىراق.

ئەنە شۇ ئاپەتنى تېرىپ ئۆتكەننىڭ
بەزىسى ئۆلسىمۇ، بەزىسى تىرىك.
ئەرۋاھى جۇت چىللاپ كەزسە ئۆلگەننىڭ،
تىرىكى يەنە شۇ ئاپەتكە سېزىك.

ۋەتىنىم، ئاگاھ بول، تىككىن ھوشيار كۆز،
چىقمىسۇن يادىڭدىن شۇ ئېغىر ئۆتمۈش.
ئۇلۇغ لېنىن ئېيتقان مۇنداق داناسۆز:
بۈگۈنگە خىيانەت — ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش.

سەن ھازىر يېڭى بىر ئۇزۇن سەپەردە،
ھەر مىنۇت بەرىكەتتە ئالەمچە ئۇتۇق.
چېلىشتا سەن قۇچقان ھەر بىر زەپەردە،
چاقنايدۇ ئىستىقبال قۇياشتەك نۇرلۇق.

ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان،
ئۆتكەن بۇ توققۇز يىل قىسقا مۇددەتتە؛
ئېرىشكەن غەلىبەڭگە لال بولۇپ جاھان،
مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ قالدى ھەيرەتتە.

ئويلايمەن شامالغا سورۇلمىغاندا،
ئەنە شۇ ئون يىلنىڭ — ئالتۇندەك چېغىنىڭ،
تىك خادا تاشلارغا سوقۇلمىغاندا،
مەنزىلدىن - مەنزىلگە ئۈزگەن قېيىقنىڭ.

ئاھ، بۈگۈن قانداقچە زامان بولاتتى؟
سۆيۈنەر جان ئۇنى قىلساڭ تەسەۋۋۇر.
رۇخسارىڭ بەئەينى ئايدەك تولاتتى،
چاچاتتى ھاياتىڭ نۇر ئۈستىگە نۇر.

ئاتقان ئوق، ئاققان سۇ — بۇ ۋاقىت دېمەك،
ئەپسۇس قايتىپ كەلمەس ئۆتۈپ كەتكەن كۈن.
بۈگۈننىڭ پېشىدىن چىڭ تۇتۇش كېرەك،
ئۆتكەننى زىيانىنى تولدۇرماق ئۈچۈن.

سەن شۇنداق ئەقىدە، يۈكسەك مەقسەتتە
تاغلارنى تالقان قىلىپ، چۆللەرنى بوستان؛
چۈشتۈڭ يەڭ شىمايلاپ جەڭگە غەيرەتتە،
بولدى شان - شەرىپىڭ تىللاردا داستان...

مۇشۇنداق بىر پەيتتە كەلدى بايرىمىڭ،
شادلىققا تولدۇرۇپ خەلقىڭ قەلبىنى.
يېزىشتى قەسىدە سانسىز شائىرىڭ،
مەدھىيىلەپ سەن قۇچقان ھەر بىر غەلىبىنى.

مەن تۇرماي تەكرارلاپ ئۇلار ئېيتقاننى،
بىر سۆزنى سوۋغاتقا تۇتقۇم بار ساڭا.
ئەسلىدە، مەن ھازىر ئېيتماق بولغاننى،
ئەينى چاغ سەن ئۆزەڭ ئۆگەتكەن ماڭا.

بۇ — ئۇلۇغ ماركسنىڭ دانا تەلىمى،
ئۇ ئېيتقان مۇنداق دەپ ئېنىق، مۇجەسسەم:
«كىشىلەر ھەر نېمە دېيىشسۇن مەيلى،
ئولتۇر قېيىقىڭدا ھەر قاچان مەھكەم!»

ھايات دېڭىزىدا ئۈزۈۋسەن ھازىر،
كۆزلىگەن نىشانىڭ مۇقەددەس ئۇلۇغ
خەتەرلىك يوللاردىن ئۆتۈۋسەن ماھىر،
ئىقبالىڭ پارلاقتۇر، ئىشەنچىڭ تولۇق.

ھەيدە قېيىقىڭنى ئۇپۇقلار يېرىپ،
سەگەك بول، دادىل بول، مەنزىلىڭگە يەت!
ئەجرىڭدىن ئالەمگە گۈزەللىك بېرىپ،
بەخت ئاسمىنىدا چاقنا تائەبەد!



(ھېكايە)

ئۇبەيدۇللا ئىبراھىم

1

پاختىدەك ئاپئاق بولۇت دېڭىزىنى پەستە قالدۇرۇپ، يەر يۈزىدىن ئون مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان جەنۇب ئاسمىنىغا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. رېئاكتىپ ماتورنىڭ بىر خىل رېتىمدا گۈرۈلدىشى بەئەينى ئەللەي ناخشىغا ئايلىنىپ يولۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇيقۇ ئىچىگە غەرق قىلىۋەتكەن، ئوڭ يېنىمدىكى يېشى توختىغان بىر كىشى ئانا سۈتىگە قانغان ۋە بۆشۈككە بۆلۈنگەن بوۋاقتەك، قويۇۋېتىلگەن يۆلەنچۈككە يۆلىنىپ، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى.

بىراق، جىددىي ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە يۈكلەپ كېتىۋاتقىنىمدا يېنىمدىكى كىشىدەك مەززە قىلىپ ئۇخلىيالىشىم مۇمكىنمۇ؟ باشلىقىمىزنىڭ قولىدىن ئايروپىلان بېلىتىنى تاپشۇرۇۋالغان دەقىقىدىن باشلاپ ئويلايدىغىنىم بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى قانداق قىلىپ قانائەتلىنەرلىك ھالدا ئورۇنداش مەسىلىسى ئىدى. ھازىرمۇ ھەم خىزمىتىمنىڭ تەرتىپى ئۈستىدە پۈتۈن زېھنىم بىلەن باش قاتۇرماقتا ئىدىم. دەسلەپكى لايىھەمگە قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزەتتىم، ئۆزەمگە ئىشەنچ بېغىشلايتتىم.

— يولۇچىلار دىققەت، ئايروپىلانىمىز يەنە 15 مىنۇتتىن كېيىن H شەھەر ئايرودۇرومىغا قونىدۇ، بىخەتەرلىك بەلبېغىنى باغلىۋېلىڭلار. ھازىر يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 32 گرادۇس...

بىر يېرىم سائەتلىك ھاۋا سەپىرىدىن كېيىن ئايروپىلان H ئايرودۇرومىغا سىلىق قوندى. يۈك - تاقلىرىمنى ئېلىپ زال ئىشىكىدىن كىرىشىمگىلا يارىشىملىق بۇرۇت قويۇۋالغان، 30 ياشلار چامىسىدىكى دوغلاقىمىنە كەلگەن بىر يىگىت ئالدىمغا كەلدى - دە، سالام بېرىپ سورىدى:

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇخبىر سىز بولامسىز؟

— ھەئە، مەن بولىمەن. ئىسمىم . . .

مېنى ئالغىلى كەلگەن «شاڭخەي» ماركىلىق پىكاپ شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. شوپۇر يىگىت خېلى چىقىشقاق ۋە گەپدانىدەك قىلاتتى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ تۇنجى قېتىم ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن شەھەر ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشلىرىنى توختاتتى - دە، گەپنى بۇرىدى:

— مۇخبىرلىق دېگەن ئوبدان خىزمەتجۇمۇ، شەھەر - شەھەرلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان گەپ،

كىرمىگەن چوڭقۇر، چىقمىغان دۆڭ قالمايدۇ. بۇنى خىزمەت دېگەندىن كۆرە، تاماشا دېگەن تۈزۈك، بۇنداق خىزمەت پېشانىسى ئۇڭ كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ . . .

ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكى ئارقىلىق ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاسمانغا بوي سوزغان قارا تېرەكلەرگە كۆز تاشلىغاچ دېدىم:

—ھەي، سىلەرگە شۇنداق تۇيۇلىدۇ، بارغان يەرگە—مەيلى ئۇ دۆڭ بولسۇن، ئويمان بولسۇن، ۋەزىپە بىلەن بارىدىغان گەپ. ۋەزىپە ئورۇندالمىسا مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. خاتا قىلساڭ، تەنقىدنىڭ چوڭى بار تېخى!

—مەسىلەن، بۇقېتىمقى ۋەزىپە بىلەن كەلدىڭىزمۇ،—شوپۇر يىگىت پىكاپنى ئېشەك ھارۋىسىدىن ياندىۋالغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ قويۇپ سورىدى،—قانداق ۋەزىپە بىلەن كەلدىڭىز، قارىغاندا ۋەزىپىڭىز بىزنىڭ ئىدارە بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك قىلىدۇ. مۇئاۋىن مۇدىرىمىزنىڭ كىچىكىپ قالماسلىقىم توغرىسىدا قايتا-قايتا تاپىلاپ كېتىشلىرى بىكار ئەمەستە!

بۇ قېتىمقى مۇخبىرلىق ۋەزىپەم ھېچقانداق مەخپىيەتلىككە چېتىلمايتتى. بىراق، ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشمەستىن تۇرۇپ نىشانىنى ئاشكارىلاپ قويۇشمۇ ئاقىلانىلىق ھېسابلانمايتتى.

شۇنداقتىمۇ گەپنىڭ تېمىسىنى بۇراپ، شوپۇر بايامقى سوئالىنى جەزمەن ئۇنتۇدى، دەپ ھېسابلىغان چېغىمدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

—سىلەردە مېۋە-چېۋىلەرنى يېڭى پېتى ساقلاش تەتقىقاتىدا يېڭى ئۇتۇق ھاسىل قىلىندى دەپ ئاڭلىدۇق، شۇنداقمۇ؟

ئۇ مەن ئۇزاتقان تاماكىنى ماشىنىنىڭ ئوت تۇتاشتۇرغۇچىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن جاۋاپ بەردى:

— ئۇجۇر-بۇجۇرنىمۇ ئۇقمايمەن، ئىش قىلىپ ئۇتۇقۇم چوڭ دەيدۇ، بىر ھەپتە ئالدىدا تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىشتىمۇ دەيمەن.

— بۇ تەتقىقاتقا كىم باشچىلىق قىلىپتىكەن؟

— نۇرىمان باشچىلىق قىلغانمىش،—ئۇ «مىش» قوشۇمچىسىنى ئالاھىدە ئاھاڭ بىلەن سوزۇپ ئېيتتى-دە، قوشۇپ قويدى،—ھە راست، بىلمىسىڭىز كېرەك، بىزدە نۇرىمان دەيدىغان بىر چوكان بار.

—قانداقراق چوكان ئۇ؟—شوپۇر يىگىتنىڭ تەلەپپۇزىدىن گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى ھېس قىلدىم-دە، سورىدىم،—نۇرىمان ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيمەن.

ئۇ ئىككى قېتىم سوزۇپ سىگنال بېرىۋېتىپ، ماشىنىنىڭ رولى يېنىغا سانچىپ قويۇلغان بىر تال سېرىق سەبدە گۈلنى قولىغا ئېلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن سوئالىمغا جاۋاب بەردى:

—قانداق چوكان بولاتتى، ئوقۇرى ئېگىز، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدۇ، رەھبەرلەرنىڭ گېپىگىمۇ ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمەيدۇ...

ئۇ نۇرىمان توغرىسىدا سوراپ قالغىنىمدىن بىر نەرسىچۇشىنىۋالغان بولسا كېرەك، گېپىنى تېزدىنلا ئۇڭشىۋالدى:

—گېزىتكە يازىدىغان ئوخشىمامسىز ئۇنى، ۋاي . . . ۋاي، نېمىلەرنى دەپ كەتتىم، سورىسىڭىز، ئۆزى كېلىشكەن، سېرىق سەبدىگە ئوخشاش چىرايلىق ئەمما پۇرىقى يوق ... قالغىنىنى كېيىن بىلىۋالارسىز ...

كېيىنكى سۆھبىتىمىز قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قويغاندەكلا بېسىقىپ قالدى. شوپۇر يىگىت قانداقتۇر بىر مۇقامغا غىڭشىغاچ ئالدىغا تىكىلىپ ئات-ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ بارماقتا ئىدى. مەن بولسام

www.uyghurkitap.com

ئۆز خىيالىم بىلەن بەنت ئىدىم.

## 2

ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىنا-
سىغا شوپۇرنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلگەن-
دە خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا كېلىشىگە ئانچە
ئۇزۇن بولمىغانىكەن.

مۇدىر ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىگىلا
شوپۇر يىگىت ئىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا مىس
ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرغان سېرىق، قاپاقلىرى
ساڭگىلىغان، دوپپىلىق بىر كىشىنى كۆرسىتىپ
ماڭا تونۇشتۇردى:

— مانا بۇ كومىتېتىمىزنىڭ مۇئاۋىن مۇ-
دىرى رەجەپ قادىر بولىدۇ. ئۇ ئارقىدىنلا
ماڭا بۇرۇلۇپ رەجەپ قادىرغا مېنى تونۇش-
تۇردى:

— سىلە ئېلىپ كېلىشنى ئېيتقان مۇخبىر
يولداش ...

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز، ھارمى-
غايسىز، جاپا چەكتىڭىز. رەجەپ قادىر ئورنى-
دىن چاچراپ دېگۈدەك تۇردى-دە، ئىككى
قولىنى سوزغىنىچە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى.
ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي مېنى يالغۇز كىشىلىك
ساپاغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى دېرىزىدىن پەستى-
رەك ئورۇن ئالدى.

رەجەپ قادىر 45 ياشلاردىن ھالقىغان
سوقچاق يۈزلۈك ئادەم ئىدى. كوتىمەك قارا
قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ ۋە سەل - پەل قىزى-
رىپ تۇرغان كۆزلىرى خېلى سۈرلۈك كۆرۈ-
نەتتى. كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن باشلانغان
ئۈچ تال چوڭقۇر قورۇق سېرىق بۇرنىنىڭ
ئەتراپىدىن چېكىسى تەرەپكە سوزۇلغان كىچىك
قورۇقچىلارنى كېسىپ ئۆتەتتى. ساقىلى سانى-
ۋالغۇدەك ئاز بولغاچقىمۇ ئېڭەك گۆشلىرى
ساڭگىلاپ تۇراتتى. سۆزلىگەندە يۈز مۇسكۇل-
لىرى تاۋۇشىنىڭ سالمىقىغا ماس ھالدا سىلى-
كىنىپ تۇراتتى.

ئۇ چاي ئۈستىلىنى چېكىۋېدى، تاشقىرىدىن
50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئەمما قەددەم
بېسىشلىرىدىن يىگىتلىك چاغلىرىدىكى چاققان-
لىقىنى ساقلاپ قېلىشقا جېنىنىڭ بېرىچە
تىرىشۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرغان بىر كىشى
كىرىپ كەلدى-دە، ماڭا ئەدەپ بىلەن سالام
بېرىپ، رەجەپ قادىردىن ئۆزىگە نېمە خىزمەت
بارلىقىنى سورىدى.

— تۇراخۇن، قۇلاق ئاڭلامدۇ- يوقمۇ، نەچچە
قېتىم ئېيتتىم، ئىشخانامغا مېھمان كەلسە
چايمۇ تەڭ كەلتۈرۈلسۇن دەپ.

تۇراخۇن دېگەن بۇ ئادەم«بۇ كىشىنىڭ يوغان-
چىلىقىنى كۆرۈپ قويۇڭ»دېگەندەك ماڭا «يالت»
قىلىپ قاراپ قويدى-دە،كەينىگە بۇرۇلۇپ چىقىپ
كەتتى. ھايال ئۆتمەي چايمۇ كەلتۈرۈلدى.
رەجەپ قادىر مېنى چاي ئوتلاشقا دەۋەت
قىلمۇيتىپ سۆزگە كىرىشتى:

— ئەتىگەن ئىشقا كېلىشىگىلا تېلېفون
«جىرىڭ» قىلىپ قالدى، ئالسام بىزنىڭ مۇدىر
ئىكەن. ئۇ ئۈرۈمچىدە مەجلىستە ئەمەسمۇ،
سىزنىڭ بۈگۈنكى ئايروپىلاندا بۇ يەرگە كېلى-
دىغانلىقىڭىزنى، كومىتېتىمىز ھەققىدە ماقالە
يازىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىمىدۇ، شۇ ھامان
شوپۇر مۇختەرجاننى چاقىردىم، ھازىرلا ئايرود-
رومغا يۈگۈر، مۇخبىر يىگىت ساقلاپ قالمى-
سۇن، دېدىم. شۇنداق ئەمەسمۇ مۇختەرجان؟

— شۇنداق ... شۇنداق ...،—شوپۇر يىگىت
جاۋاب بەردى،— مۇدىر بەكمۇ كۆڭۈل بۆلدى،
بەكمۇ ...

رەجەپ قادىر تۇراخۇنغا لاقا - لۇقىلىرىمنى
كۆتۈرۈپ مېنى مەھمۇردىي مەھكىمە مېھمانخا-
نىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىغاندىن
كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ دېدى:

— مۇخبىر ئۇكام، ھەي قاراڭا مېنى،
تېخىچە ئىسمىڭىزنى سورۇۋالمىغىنىمنى، ئىسمى-

www.uyghurkitap.com

گەز نېمە بولىدۇ ئۇكام؟

مەن ئالمان - تالمان مۇخبىرلىق كىنىشكامنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتقاچ دېدىم:

— ئىسمىم ئالىم بولىدۇ، گېزىتخانىنىڭ ...

— بولدى ... بولدى، تونۇشۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ، بۇ نېمىنى كۆرسەتمۇ بەردىڭىز...— ئۇ قولۇمنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ دېدى،—هازىرچە دەم ئېلىپ تۇرۇڭ ئۇكام، كەچكە يېقىن مۇنۇ مۇختەرجان سىزنى ئىزدەيدۇ، ئاز - تولا پاراڭلىشىۋالايلى، تونۇشۇپ قالدۇق ئەمەسمۇ؟ هى ... هى ... هى ...

ئورنۇمدىن تۇردۇم - يۇ، ئادىتىم بويىچە ۋاقىتنى چىڭ تۇتماق بولۇپ دېدىم:

— رەجەپ ئاكا، مالال كەلمىسە كومىتېتلىرىدىكى نۇردىمانغا چۈشتىن كېيىن كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويساق، ۋاقىت بەك قىس.

رەجەپ قادىر قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئىشخانىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرغان تۇراخۇنغا بۇيرۇق قىلدى:

— قېنى تۇراخۇن، تەجرىبىخانىغا تېلېفون بېرىڭ، نۇردىمان كېلىپ كەتسۇن، كەلگەندە ماڭا بىر يولۇقۇپ ئۆتسۇن!

تېلېفون تېزدىنلا ئۇلاندى. تۇراخۇن تەلىپىمنى قارشى تەرەپكە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن تېلېفون تروپكىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇخبىرمۇ؟ هە، هازىرچە ۋاقتىم يوق، كېيىنچىرەك بىر گەپ بولار...

تروپكىدىن چىقىۋاتقان ئاۋاز شۇنچىلىك قاتتىق ۋە دانە - دانە ئىدىكى، بىر مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ ئېنىق ئاڭلىماقتا ئىدىم، بىردىن قۇيقا چاچلىرىم تىك تۇرۇپ كەتتى. «ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مۇخبىر» دېگەننى ئېنىق ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ پەسەنت قىلمىغىنىنى قارا، «نېمە دېگەن چوڭچىلىق!» دېگەنلەر كاللامنى كېزىپ چىقتى. شوپۇر يىگىتنىڭ بايامقى سۆزلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى.

جىددىي تەلەپكە قىلىنغان بىپەرۋالىقتىن پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكىمنى بىلگەندەك، رەجەپ قادىر بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى. ماڭا ھېسداشلىق قىلغان ئاھاڭدا دېدى:

— هەي، ئېشەككىمۇ خۇدايىم بىلىپ تۇرۇپ مۈڭگۈز بەرمىگەن، ئەگەر ئېشەكنىڭ مۈڭگۈزى بولسا پۈتۈن ئىنساننى ئۈسسۈپ ئۆلتۈرۈپ بولاتتىكەن، هېلىمۇ مەزلۇم كىشى بولۇپ قاپتۇ، بولمىسا ...

سومكامنى كۆتۈرگەنچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم، شوپۇر يىگىت «بايام مەن نېمە دېگەنىدىم» دېگەندەك ماڭا بىر قاردۋالدى.

3

ياتاققا ئورۇنلاشقاندىن كېيىنمۇ تۈزۈكرەك ئارام ئالالمىدىم. نۇردىماننىڭ بايامقى تۇك گەپلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاۋەردى. چۈنكى، باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مەن يازماقچى بولغان كىشى ماڭا شۇنداق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتاتتى. باشلىقىمنىڭ ئېيتىشىچە، مېۋە - چېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش تەتقىقاتىنى ئەشۇ نۇردىمان تاماملىغان ئىمىش، مېۋە - چېۋە ماكانى بولغان شىنجاڭدا بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ ئەمەلدە قوللىنىشى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىمىش. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا H ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇدۇرىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نۇردىمان ھەققىدە ئوچېرك ئېلان قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىكەن.

راستىمنى ئېيتسام، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ قانداق قىلىپ هاكاۋۇرلۇقتا ئۇچىغا چىققان ۋە رەھبەرلىكىمۇ، ئادەتتىكى شوپۇرغىمۇ ياقماي-

دىغان بىر چوكاننى ماختاپ ئۈچۈرمىقچى بولغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشىنەلمەيۋاتاتتىم.

بىراق، ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئېيتقاندا ئۈچرىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئوبيېكتنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىشكە، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. رەجەپ قادىر بىلەن شوپۇر يىگىتنىڭ قارىشى نۇردىمان ئۈستىدىكى كۆزىتىشنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

شۇ خىياللار بىلەن تۇرغىنىمدا ئىشىك چېكىلمەيلا ئېچىلىپ مۇختەرجان كىرىپ كەلدى.

ئۇ رەجەپ قادىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن مېنى ئالغىلى كەلگەنىكەن

«يالغۇز ئولتۇرغاندىن كۆرە ئىككى - ئۈچ رومكا ئىچىپ، مۇڭدىشىپ كېلەي» دېدىم - دە، ماشىنىغا چىقتىم.

15 مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن رەجەپ قادىرنىڭ شەھەر چېتىگىرەك جايلاشقان قورۇسىغا يېتىپ كەلدۇق. مۇختەرجان ماشىنىدىن چۈشۈپ تۆت تونىلىق يۈك ئاپتوموبىلى پاتقۇچىلىق كەڭلىكتىكى دەرۋازىنىڭ بىر يېرىدىنى بېسىۋىدى، ئىككى قاناتلار شىرىلداپ ئېچىلدى - دە، كىشەك ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى. دەرۋازا بېشىدىكى چىراقمۇ لاپپىدە ياندى.

— قېنى كىرسىلە ئالىمجان ئۇكام، كىرسىلە ...

رەجەپ قادىر تال باراڭلىرى ئاستىدىن پەيدا بولدى. دەرۋازىنىڭ كاراماتىگە ھەيرانلىق ئىچىدە كۆز سېلىۋاتقان ماڭا قاراپ:

— پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرى دېگەن مانا شۇ، دەرۋازا قاناتلىرى ئېلېكتر ماشىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېچىلىپ، يېپىلىدۇ، — دېگەچ كۈنۈپكىنى قايتا - قايتا بېسىپ كۆرسەتتى ۋە، — بۇ ئىمارەتنى شەھىرىمىزنىڭ ئۇستىلىرى تەتقىق قىلىپ ياسىغان، قالتىسمىكەن، — دەپ سوراپ قويدى.

— قالتىسكەن، — دېدىم مەن بۇ كاراماتكە قىزىقىپ. رەجەپ قادىر مېنى قورۇ - جايىنى تاماشا قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئۆيلەر ھەقىقەتەن قالتىس سېلىنغانىدى. شىپاڭنىڭ جەگىلىرىگە نەقىش ئويۇلۇپ سىرلانغاچقا كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. تاملارغا ئويۇلغان گىپىس گۈللەر، نەقىشلەر، شىپاڭغا ئېسىلغان ئاسما چىراغ يورۇقىدا يالتىراپ تۇراتتى. مېھمانخانىنىڭ تام - تورۇسلىرىنى بېزەشكە زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەنىدى.

مېھمانخانىغا كىرىشىمگىلا ئون نەچچە كىشى كوماندا بېرىلگەندەك تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن بىر - مۇبىر قول ئېلىشتى. رەجەپ قادىر مېنى ئۇلارغا سالاھىيىتىمدىن ئاشۇرۇپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ھەممەيلەن ئورۇن ئېلىشتۇق.

مېۋە - چېۋە داستىخىنىدىن كېيىن تونۇر كاۋىپى تارتىلدى. كاۋاپنىڭ قوۋۇرغا گۆشى ۋە ساپسېرىق تېلىنغان تېرىسى ئالدىمغا كېلىپ قالغىنىغا قارىغاندا سورۇندىكى ئەڭ ئەتىۋارلىق مېھمان مەن ئىدىم، بىراق راستىنى ئېيتسام ئۆزەمنىڭ مۇشۇنچىلىك ئەتىۋارلىنىشىمۇ تۇنجى قېتىم ئىدى.

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن مۇخبىر ئىنىمىز ئالىمجان شەھىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. ئۇ كومىتېتىمىزنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلىمەكچى، ئىشتىقىلىپ بىزنىڭ مېھمىنىمىز، شەھىرىمىز خەلقىنىڭ مېھماندوستلۇقتا نامى بار، شۇڭا ئەرزدەمەس داستىخىنىمىز ئۈستىدە ئىنىمىزنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇق. ھەمراھ بولۇش يۈزىسىدىن ھەر قايسىڭلارنىمۇ چاقىرىپ قويدۇم، قېنى تونۇشۇش ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى، خوشە!

رەجەپ قادىر يۆتىلىپ - قېقىلىپ تۇرۇپ

سۆزلىگەندىن كېيىن رومكىلار ئارقىمۇ-ئارقا قۇرۇقدىلىشقا باشلىدى.

ساھىپخانىنىڭ ھاردۇقى ساپلا ئالىي ھاراقلەردىن ئىدى، مەنمۇ مەززە قىلىپ ئىچىشكە باشلىدىم. گەپ - سۆزلەرمۇ ئاۋۇشقا باشلىدى. يېنىمدا ئولتۇرغان 30 نەچچە ياشلاردىكى بىرەيلەن ئاۋۋال گەپ باشلىدى:

— مۇدىرىمىز قالتىس ئادەم جۇمۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بىلەن سەۋىيە جەھەتتە خېلى كىشىلەرنى پوش دەيدۇ.

بۇ گەپنى يەنە بىرەيلەن تولۇقلىدى:

— بۇ كىشى ۋىلايىتىمىزنىڭ پەن - تېخنىكا ئىشلىرى ئۈچۈن ئاز كۈچ چىقارمىغان، كۆزى ئۆتكۈر، ئادەم تاللاشنى بىلىدۇ، قىلىمەن دېگەننى قىلماي قالمايدۇ.

— ئەمدى مېنى ماختىغىلى چۈشتۈڭلەرمۇ، خېلى قىزىپسىلەردە! سىلەرزە يامان بالىلارجۇمۇ!

رەجەپ قادىر ئۈستەلدىن بېشىنى ئارتىلدۇرۇپ تۇرۇپ كۈلۈپ قويدى.

— مەن دېگەن بىر ئاددىي ئىشچى، — يېنىمدىكى بىرەيلەن بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرغان 40 ياشلاردىكى بىر كىشى رومكىسىدىكى ھاراقنى تامچىتىپ تۇرۇپ دېدى، — ئەمما بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دەيمەن، ناھەقچىلىققا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايدىغان خۇيۇم بار. مەسىلەن بۇ قېتىم مېۋە - چېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش تەتقىقاتىدا نەتىجە چوڭ بولدى. بەزىلەر بۇ نەتىجىنى ھېلىقى نۇردىمانغا مەنسۇپ دەيدۇ. بىكار گەپ! — ئۇ «بىكار گەپ» دەپ قولىنى كۆتۈرۈۋېدى، رومكىسىدىكى ھاراق پۈتۈنلەي چېچىلىپ تۈگىدى، — ئەگەر مۇدىرىمىزدەك پېشقەدەملەر ئەقىل كۆرسەتمىسە ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان ئېتى بار بىر چوكان نېمىنىمۇ قىلالايتتى. مۇدىرىمىز ئۇنىڭغا زىر - زەۋەرلىكىچە ئۆگىتىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە بولسا پېشقەدەملەرنى پوش - پوش دەپ ھەممىگە ئۆزى ئىگە بولىۋالدى.

— ھەي، غەيۋەت دېگەنمۇ مەن ئۆلگۈدەك ئۆچ، — ئابدۇقادىر دەيدىغان بىر كىشى سۆز ئارىلىدى، — ئەمما نۇردىماننىڭ كېپىنى قىلسىلا سۆز قىستۇرغۇم كېلىدۇ. ئېرى زاۋۇتتىن ئىستېپپا بېرىپ قاساپلىق قىلىۋېدى، ئېرىدىن چاندى. مانا ئەمدى كۆرگەنلا كىشىگە قاش ئېتىپ يۈرىدۇ. بىرەر ھەپتە تۇرىدىغان بولسىلا تويىغىمۇ داخىل بولۇپ قالامدىلاتېخى.

— ھا ... ھا ... ھا ...

مۇختەرجان بولۇك ئۈستەلدىكى چوڭ ئۈنئالغۇنى بېسىۋەتتى. مۇزىكا ئاۋازى ئۆينى بىر ئالدى. بىرىنچى بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈۋالغان رەجەپ قادىر توققۇز بال شامالدا لەپەڭشىۋاتقان تېرەكتەك ئىغاڭلىغىلى تۇردى. يەنە ئىككى - ئۈچ كىشى مۇزىكا رېتىمىگە ماس كەلمىگەن ھالدا چاۋاك ئۇرۇپ، تىزىنغا مۈشتلاپ، رەجەپ قادىرنى ئەگىپ پىرقىراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا تۇزۇپ كېتەي دەپ قالغان بىر سېرىق سەبدە گۈلىنى تۆش يانچۇقىغا قىستۇرۇۋالغان مۇختەرجان ئۇسسۇلچىلارنىڭ ئارىسىدىن يول ئېچىپ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، ئوڭ قولىنى مۈرەمگە تاشلىدى. ئۇ كۆزىنى ئاران ئاچاتتى. پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقان بېشىنى تەسلىكتە كونترول قىلىپ تۇرۇپ تىلىنى چايناپ سۆزلەيتتى:

— مۇخبىر ئاكا... مەن ... مەن راست دەپتىمەنمۇ، نۇردىمان ... نۇردىمان ... ئەرگە تېگىپ كېتىدىكەن ... ئەرگە ...

ئۇ بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەيلىرى تىزىمغا تېمىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ مەس بولغانلىقىنى پەملىدىم-دە، ئاستا ئىتتىرىپ تامغا يۆلەپ قويدۇم.

www.uyghurkitap.com

4

ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا كۈن خېلى ئۆرلەپ قاپتۇ. ئەتىگەنلىك ناشتىنا ۋاقتىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلۈمۇ بىرنەرسە تارتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئىستاكانغا ياڭاقچىلىق چاي سېلىپ دەملىدىم-دە، كۆپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ ياتاقتا ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدىم. قېنىق دەملەنگەن چاي تەسىر قىلدى بولغاي، بېشىمنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرىمۇ سەل-پەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى، پىكرىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. ئاخشامقى سورۇن ۋە سورۇندا دېيىلگەن گەپلەر يادىمغا كېلىشكە باشلىدى. «ئىلغار پەن-تېخنىكا خادىمى» دەپ ھېسابلانغان نۇرماننىڭ ئۈستىدىكى شىكايەتلەر بىر مۇنچە ئۈندەش ۋە سوراق بەلگىلىرىگە ئايلىنىپ كاللامغا لىق تولۇپ كەتكەنىدى.

يەنە ئويلىسام يەنە شۇ، نۇرمان ھەققىدە قان-تەر سىڭدۈرۈپ ئوچېرك يېزىلسا، ئوچېركتىن بېسىلغان گېزىت قولدىن قولغا ئۆتۈپ كىشىلەرنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە قالسا ئاقىۋەت نېمە بولماقچى؟ ئوچېرك باشلىقىمنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، مېنىڭ ئىسمىم بىلەن ئېلان قىلىنىدۇغۇ، نامىم نۇرماننىڭ نامى بىلەن بىللە سېسىپ كەتسە-ھە؟ مۇخبىر دېگەن باشقىلارنىڭ خاھىشى بويىچىلا ئىش قىلىدىغان، نېمىنى ياز دېسە شۇنى يازىدىغان ماشىنا ئادەم ھەم ئەمەس، مۇخبىرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ۋىجدانى، راست گەپ قىلىش بۇرچى بار ئەمەسمۇ؟ پارتىيە گېزىتىنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرۇشقا بولمايدۇ، نېمىلا بولمىسۇن، ئەھۋالنى باشلىققا مەلۇم قىلىشىم كېرەك، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش كېرەك، بۇنداق قىلىش ئۇنى ئاسرىغانلىق.

ئويلىغانسېرى غورۇرۇم ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە، ۋىجدانىم بۇرچۇمنى يادىمغا سالماۋشتىلغان

— ياخشى تۇرۇپلىمۇ ئۇكام؟ زىشتىن

تۇيۇقسىز قويۇلغان سوئالدىن چېتىگە كەينىمگە قارىدىم. ئىشىككە كەينىمنى قىلالا خىيال بىلەن بەنت بولۇۋاتقاندا كىرىپ كەلگەن تۇراخۇن لۆڭگىگە ئورالغان بىرنەرسىنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە يېنىمدىلا تۇراتتى.

— خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرىچۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، رەجەپ قادىر ئۆزلىرىگە ناشتىلىق ئەۋەتكەنىدى.

ئۇ بولاقنى شىرە ئۈستىگە قويدى-دە، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئاخشام بەك چارچاپ كەتتىڭىزمۇ دەيمەن، ھەي، بىزنىڭ باللارزە ...

ئۇ چارچاپ كەتكىنىمنى بىلىۋالغانىدى. مەن «ھەئە» دەپ قىسقىلا جاۋاب بېرىپ ئۇنى سافاغا تەكلىپ قىلدىم، ئۇ ھېچبىر تۈزۈت قىلمايلا ئولتۇردى. تەكلىپ قىلىشىم پەقەت ئەدەب يۈزىسىدىن ئىدى. ئۇنى ئولتۇرار دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئۆزۈمنىڭ قانچە زورلىسامۇ قىلىدىغان گېپىم يوق ئىدى.

— بىزنىڭ مۇدىر مانا مۇشۇنداق مەرد ئادەم، يۇقىرىدىن كەلگەنلا كىشى ئۇنىڭ چېيىغا داخىل بولماي قالمايدۇ. شۇغىنىسى ...

تۇراخۇن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. مەنمۇ كوچىلاپ يۈرمىدىم، تايىنلىق، ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ دەپ جەزىم قىلدىم. مېنىڭ ئانچە گەپ خالىمايۋاتقىنىمنى كۆرگەن تۇراخۇن ئورنىدىن تۇردى-دە، ئارام ئېلىشىمنى تاپىلاپ قويۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۆزىتىپ چىقىۋېتىپ ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ نېمىلەرنىدۇ دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللىگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېيتسام شۇگەپ، مۇشۇ مىنۇتتا ماڭا ئاراملىق كېرەك ئىدى، چىشىمنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ قويدۇمۇ ۋاتىلداپ كېتىشىمنى پەملەپ تۇراتتىم. ئۇ خۇشلىشىپ كېتىپ قالدى.

مەن تۇرغان مېھمانخانىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەسپىي يولغا قويۇلمىغانىدى. گېزىتخانىغا تېلېفون بېرىش ئۈچۈن شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىگە بېرىشقا توغرا كېلەتتى. رەجەپ قادىر ئەۋەتكەن ناشتىلىق سامسىلاردىن ئازراق يەپ روھلىنىۋېلىپ، شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف تىجارەت ئورنىغا قاراپ يول ئالدىم.

تەلىيىمگە تىجارەت ئورنىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىكەن. بەلكى تېلېفون ساقلاۋاتسا كېرەك، تام بويلاپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە بىر قاراشتىلا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغۇدەك كېلىشكەن بىر چوكان كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. خەت - چەك ۋە تېلېفون ئالاقىسىنى بېجىرىدىغان ئاياللار، خەت باسقۇچىلار، بېشىنى بىر يەرگە قىلىشىۋېلىپ چوكان تەرەپكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىما - ئىشارەت قىلىشىپ، پىچىرلىشىۋاتاتتى.

مەن قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك پىچىلدىشىۋاتقان ئاياللارنىڭ دىققىتىنى ئۆزەمگە مىڭ تەسلىكتە جەلپ قىلدىم. تېلېفوننى تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويۇپ ئۇزۇن ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە بېرىپ ئولتۇردۇم.

بىكارچىلىقتا تامدىكى شۇئارلارغا، كەسپىي ئېلانلارغا قاراپ كېلىپ نەزەرىم كىتاب كۆرۈۋاتقان ھېلىقى چوكاندا توختىدى. ئۇ قارىماققا 27—28 ياشلار چامىسىدا ئىدى. كىيىۋالغان بادام گۈللۈك ئاياللچە زەر دوپپىسى شۇنچىلىك ياراشقانىدىكى، قولىغا قىستۇرۇۋالغان ۋايىغا يېتىپ ئېچىلغان بىرتال سېرىق




سەبدە بىلەن قوشۇلۇپ قاشتېشىدەك سۈزۈك چىرايىنى تېخىمۇ ئاق ۋە جۇلالىق كۆرسىتەتتى. توم - توم ئىككى ئۆرۈم چېچى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە تولغىنىپ ياتاتتى. كاناي پوسۇنىدا تىكىلگەن گۈللۈك يوپكىسى پايپاق تارتىۋالغان پۇتلىرىنى يېپىپ تۇراتتى. خورمىرەڭ توپلىيىنىڭ پاشنىسى بىر غېرىچ كېلىدۇ دېسە لاپ بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بەش بارماق ئېگىزلىكىدىن ھەرگىز كەم چىقمايتتى. ئۇنىڭ كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەسلىكى كۆز - قېشى ھەققىدە بىر نېمە دېيىشكە ئىمكان بەرمەيتتى.

— مانا سىزنىڭ تېلېفونىڭىز.

چوكان تېلېفونچىنىڭ ئىككى قېتىم چاقىرىشى بىلەن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندەك ئېسىگە كەلدى ۋە كىتابىنى قاتلاپ قول سومكىسىغا سېلىپ پۇكەي ئالدىغا باردى. ترۇپكىنى قولىغا ئېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋەي، سادىق ئاكامۇ؟ بىر زۆرۈر ئىش بار ئىدى، سەمىلىرىڭگە سالىدىغان. ھېلىقى مەن دېگەن سورتلۇق شاپتۇلىدىن ئەۋەتىمىدىڭمۇ، قوغۇنمۇ تېخى يېتىلىپ كېلەلمىدى ... شۇنداقمۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بولمايدۇ، پاتراق ماڭغۇزۇۋەتسىلە بولاتتى ... بولسا ئەتىدىن قالمىسۇن جۇمۇ، بولامدۇ؟

چوكان تېلېفوننى قويۇپ قويدى- دە يەنە قەيەرنىدۇ چاقىرىدىغان تېلېفوننى كۈتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كىتابىنى قولىغا ئالدى.

مۇخبىرلارغا خاس سەزگۈرلۈكۈم بىلەن بۇ چوكاننى بىرەر باشلىقنىڭ ئايالى دەپ قىياس قىلدىم، بىراق، ئېرىنىڭ ئىدارىسىدىنلا تېلېفون بەرمەي، پوچتىخانىغا كېلىپ پۇل تۆلەپ تېلېفون بەرگىنى بۇ گۇمانىمنى چەتكە قاقاتتى.

شۇ ئارىدا تېلېفون ئېلىنغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. باشلىقنىڭ نەق ئۆزىنى تاپتىم. كەلگىنىمدىن بۇيانقى ئەھۋاللار ھەققىدە دوكلات قىلىپ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىراق، 15 مىنۇتلۇق سۆزلىشىشتىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغىنىم ئۈچۈن ئازراق تەنقىدمۇ ئاڭلىدىم. باشلىقىمنىڭ ئېيتىشىچە ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە قايتىپ كەلمەكچىكەن.

«كۆرەرمىز، مۇدىر قايتىپ كەلسە كەلسۇن، ئۇ ئامېرىنىڭ پىكرىگە قانداقمۇ جاۋاب بېرەركىن» دېدىم - دە، پوچتىخانىدىن سالپايغان پېتىم چىقىپ كەتتىم.

5

باشلىقىمنىڭ تەنبىھىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن روھىم چۈشۈپلا كەتتى. بىراق ئاز - تولا جىددىيلەشمەيمۇ قالمىدىم. «مەن مۇخبىر، تېما تاللاش ئەركىنلىكىم بار، ئۆزەمگە چۈشلۇق غورۇرۇم ۋە ۋىجدانىممۇ بار، ئىرادەمگە خىلاپقەلەم تەۋرەتمەيمەن» دەپ مەيدەمگە مۇشتلىغان بىلەن، تەشكىل تاپشۇرغان تېمىنى يېزىشتىن باش تارتىشقىمۇ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھىم تېمىلار باشلىقنىڭ ئىرادىسى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى تەھرىرىي ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسى بويىچە بېكىتىلەتتى. چۈشتىن كېيىن بازار ئايلانغاچ، كاللامنى سىلكىۋېتىپ ئويلاپ باقتىم، ئويلا - ئويلا ئاخىرى «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىقمۇ كۆيمەيدىغان» بىر چارىنى تاپتىم، يەنى، مېۋە - چېۋىنى يېڭى پېتى ساقلاش تەتقىقاتى بويىچە يېڭى مۇۋەپپەقىيەت ياراتقان پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا قاراشلىق تەتقىقات ئورنى ھەققىدە بىر پارچە ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوچېرك يېزىپ، بىر قانچە يەرگە نۇرىمانىنىڭ ئىسمىنى قىستۇرۇپ قويۇش، دارتىملاپ چېقىۋېلىش بىلەن ئىشنى بولدى قىلماقچى بولدۇم. ئۇ چاغدا ئوچېرك گېزىتكە بېسىلسىمۇ نامىمغا داغ تەككۈزەلمەيتتى، كۆپنى خۇشال قىلالايتتىم. ئەگەر ئوچېرك تەھرىرلىكتىن ئۆتمەي سوغۇق سارايغا ھۆكۈم قىلىنسىمۇ، ماڭا بەرىبىر ئىدى. ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ھېسابلىنىۋېرەتتىم. يامىنى كەلسە، كەسپىي سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكىگە ئىقرار قىلسىلا ئىش ئاياغلىشاتتى.

كەچكە يېقىن پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا ئەتە ئەتىگەندە نەق مەيداننى زىيارەت قىلىشقا بارىدىغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويدۇم. ئەتىسى ئەتىگەندىلا نەق مەيداندا ھازىر بولدۇم.

تەتقىقات ئورنى جايلاشقان كىچىك ئىككى قەۋەتلىك بىنا ئېگىز ئۆسكەن تېرەكلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇختەرجان پىكاپىنى ھويلىدا توختاتتى - دە، مېنى بىرىنچى قەۋەتتىكى ھەر خىل تەجرىبە ئەسۋابلىرى تولۇپ كەتكەن بىر بۆلۈمگە باشلاپ قويدى. ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا رەجەپ قادىرنىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى:

www.uyghurkitap.com

— قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز...

رەجەپ قادىر كىيىۋالغان ئاق خالات ۋە ئاق پوسما ئۇنىڭ چىرايى بىلەن رەڭ تالىشىپ تۇراتتى. ئۇ مېنى تەجرىبە ئۈستىلىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. مەن ئۇقمايدىغان قانداقتۇ سۇيۇقلۇقلارنى ئىنچىكە، ئەگرى نەيچىلەرگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ دېدى:

— مۇخبىر ئۇكام، ئۆزلىرى ئەقىللىق ئادەم، ھەممىنى ئېيتمىساممۇ بىلىدىلا، مېۋە - چېۋىنى ھۆل پېتى ساقلاش ئىشى تارىختىن بۇيان تولۇق ھەل بولماي كەلگەن مەسىلە، — ئۇ ئاق خالاتلىق بىر قىزنىڭ قولىدىن لۈڭگە ئېلىپ پېشانىسىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — تىرىشچانلىقىمىز بىلەن بۇ مەسىلە ئاخىرى ھەل بولدى. بىراق مېۋە - چېۋىنى ئالتە ئاي يېڭى پېتى ساقلاشنى بىر يىلغا ئۇزارتىش پىلانى ئۈستىدە يەنە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىلا، بۇ ئىشقا بىز پېشقەدەم كەسىپ ئەھلىلىرى قول سالمىساق بولمايدۇ. شۇنداقمۇ - شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۇ يېنىدا قاراپ تۇرغان ئىككى - ئۈچ كىشىگە سوئال نەزەرى بىلەن گۆزلەيدى. ئۇلار دەرھال:

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ قۇۋۋەتلەشتى.

— سىلىگەيۈرەكلىك ھالدا ئېيتالايمەنكى، مېۋىنى ھۆل پېتى ساقلاش ۋاقتىنى ئاخىرقى ھېسابتا ئىككى يىلغا يەتكۈزۈشكە ئىشەنچ بار. شۇنداقمۇ-شۇنداق ئەمەسمۇ؟

رەجەپ قادىرنىڭ ئىشداشلىرى بۇ قېتىم جاۋاب بېرىشتىن باش تارتتىمۇ، ياكى ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قالدىمۇ، ئىشقىلىپ دەرھال قوشۇلۇپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەن رەجەپ قادىرغا سوئال قويدۇم:

— مېۋە - چېۋىنى ئىككى يىل ساقلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار مۇددىر؟ مېۋە - چېۋە دېگەن يىلدا بىر قېتىم پىشامدۇ؟

سوئالىمغا رەجەپ قادىردىن جاۋاب چىقمىدى. ئۇنىڭ ئىشداشلىرىمۇ بىر - بىرىگە كۆز بېقىشىۋالدى. ئۇ ئاغزىنى ئاچقان پېتى بىر ھازا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى پەملىدى بولغاي، بىردىنلا كۈلۈمسىرەپ دۇدۇقلاپ دېدى:

— ياق... ياق... ئەسلىدە بىزدە ئەشۇنداق ئەخمىقانە خىياللارنى قىلىدىغانلارمۇ بار، دېمەكچى ئىدىم، مەسىلەن، نۇرىمان...

— ھە راست، نۇرىمان قايسىڭلار بولۇسىلەر؟

رەجەپ قادىر نۇرىماننى يادىغا سالغانلىقى ئۈچۈن، تەجرىبە ئەسۋابلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قىز - چوكانلاردىن سورىدىم.

— ئۇكام، تەجرىبە خانىنىڭ ھاۋاسى يامان، ئىشخانىغا چىقىپ سۆزلىشەمدۇق-ھە؟

رەجەپ قادىر ئارقىمۇ ئارقا چۈشكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، يېڭىمدىن تارتقىنىچە مېنى ئىشخانىغا باشلاپ چىقتى. چاققانغىنە ئىشخانىنىڭ نەقىشلىق شىرەلىرىگە خىلمۇخىل مېۋە - چېۋىلەر تىزىۋېتىلگەنىدى. رەجەپ قادىر مېنى نېمەتلەرنى تېتىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، بىر قېلىن دەپتەرنى ئېلىپ ئوقۇشقا تەمشىلىۋېدى، بايامقى سوئالىمنى قايتا تەكرارلىدىم.

— نۇرىمان بۈگۈن بىر ناھىيىگە ئەۋرىشكە ئېلىپ كەلگىلى كېتىپتۇ. ھەي، نېمىسىنى دەيسىز ئۇكام، ئۇنىڭ باشباشتاقلىقى مانا قايسى دەرىجىگە يەتكەن، ماڭا بىر ئېغىزمۇ تىنماي قويماپتۇ. بىراق، ئەھۋال ماڭا بەشقولدەك ئايان، دوكلات قىلىۋەرسەم بولىدۇ...

نۇرىمان ھەققىدە ئۇچېرك يېزىشتىن ۋاز كەچكەن بولساممۇ، پۈتۈن شەھەردىكىلەرنىڭ ئاغزىدا چىقىپ قالغان بۇ چوكاننى بىر كۆرۈپ

بېقىش نىيىتىگە كەلگەنىدىم، ئۇچراشقاندا مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە پەرۋاسىز قارىغانلىقى ئۈچۈن بىر-ئىككى ئېغىز تەنە قىلىۋېلىپ پوخادىن چىقىۋېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ ئۆزىنى چەتكە ئالدىمۇ-يە؟ دەپ ئويلىدىم.

رەجەپ قادىرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشى چۈشكىچە داۋاملاشتى. خاتىرىلىۋالغان نەرسىلىرىم بىرەر ئوچېركقا ياراپ قالاتتى. ئۇنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلىشىغىمۇ قارىماي مېھمانخانىغا قايتىپ كەتتىم ۋە ئوچېركىمنى قۇراشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلدىم. قەسەمبىللا نۇرىمانىنىڭ ئىسمىنى بىرەر يەردىمۇ ئاتىمايمەن دېگەن قارارغا كەلدىم.

6

ئىشىك چېكىلدى. ئورىگىنالدىن بېشىمنى كۆتۈرمەيلا دېدىم:

— كىرىۋېرىڭ!

كىرگۈچى 55 ياشلارغا بېرىپ قالغان، دوروق ۋە قارامتۇل كەلگەن ئېگىز بويلۇق كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. قىرى بۇزۇلمىغان كاستۇم-شىملىرى ۋە تاقىۋالغان ھاۋارەڭ گالستۇكى بەستىگە خېلى سالاپەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇ مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— ئىسمىم مەخسۇت بولىدۇ. ۋىلايەتلىك پەن-تېخنىكا كومىتېتىدا ئىشلەيمەن، سىز بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە ئايرودرومدىن ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم ...

— ھە، ئۆزلىرى مەخسۇت ئاكىمۇ؟

كۆڭلۈمدىكى خاپىچىلىقنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ كۈلۈمسىرىدىم. ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم، چۈنكى بۇ كىشى ھەققىدە باشلىقىمدىن يېتەرلىك نەرسىلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇ مەخسۇت مۇدىر بىلەن پارتىيە مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنى ئۇنداق قابىلىيەتلىك، مۇنداق ياخشى ئادەم دەپ كۆكلەرگە ئۇچۇرغانىدى.

— مېھمانخانىنىڭ تامىقى قانداقراقكەن، بۇ شەھەرنىڭ ئىسسىقى قىيناپ قويمىغاندۇ،-سورىدى ئۇ ماڭا تاماكا تۇتۇۋېتىپ.

ھەممىدىن رازى ئىكەنلىكىمنى ئېيتقاندىن كېيىن ئۇ بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋالدى-دە، كۈلۈپ قويۇپ سورىدى:

— يالغان ئېيتىۋاتمىسىزغۇ دەيمەن، يېمەك-ئىچمەكتىن رازى بولسىڭىز، بولغانسىز، خىزمىتىڭىزدىنچۇ؟

ئۇ گەپنى تۈپتۈزلا قويدى. خىزمىتىمدىن رازى ئەمەسلىكىمنى بىلىۋالغانلىقى ئۇنىڭ ئۇنداق-مۇنداق ئادەملەردىن ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بەرمەكتە ئىدى. باشلىقىمنىڭ باھاسىنى ئىسپاتلاشقا باشقا دەلىل ئىسپاتنىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى.

ئۇ زۇۋان سۈرمەيۋاتقىنىمنى كۆردى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئورىگىناللىرىمغا قىيا قاراۋالغاندىن كېيىن ئويچان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى:

— كومىتېتىمىزغا كېلىپ نېمىلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىڭىز ۋە نېمىلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقىڭىزنى پەملىگەنىدىم، بىراق بۇنىڭمۇ يامىنى يوق. مۇخبىر دېگەن ھەر خىل قاراشلارنى ئاڭلىشى، كۆپرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. ھەر قانداق كۆزەتكۈچى ئاۋۋال شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، ئاندىن ماھىيىتىنى بىلەلەيدۇ. تاشقى كۆرۈنۈشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ ماھىيەتنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەخسۇت مۇدىرنىڭ دەۋاتقانلىرى دەل پارتىيە مەكتىپىدە كۆپ ئېيتىلىدىغان سۆزلەر ئىدى. ئاخبارات نەزەرىيىسىدىمۇ بۇنداق فورمۇلىلار

قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. لېكىن ئۇنىڭ «موللا تاپقاق» لىقىغا ھېلىمۇ گۇمانىم بار ئىدى. ئۇ ئېمىلەرگە دۇچ كەلگەنلىكىمنى پەرز قىلالىسىمۇ كاللامدىكى ئويلىرىمنى بىلەلىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتىم:

—كەلگەندىن بېرى ئەھۋال ئىگىلىۋاتىمەن، ماقالەمنىڭ دەسلەپكى شەكلىمۇ تەييار بولۇپ قالدى.

ئۇ بىردىن كۈلۈپ كەتتى-دە، مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

—نۇرىمان توغرىسىدا بىر نەرسە يېزىشتىن يالتىيىپ قالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟—دېدى.

ئەمدى نېمە دېيەلەيتتىم؟ مەقسىتىمنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. بىراق، نۇرىمان ھەققىدە ماقالە يازماسلىق قارارىغا كېلىشىمدىكى سەۋەبلەرنىڭمۇ خېلى جېنى بار ئىدى. شۇڭا گەپنى تۈزلا قىلىۋەردىم:

—مەخسۇت ئاكا، ئاممىنىڭ نۇرىمانغا بولغان قارىشى ياخشى ئەمەسكەن.

— ياسانچۇق ئىكەن، ھاكاۋۇر ئىكەن، ئېرىدىن چېنىپتۇ، شۇنداقمۇ؟

—شۇنداق...شۇنداق،—مەن مەخسۇت مۇدىرنىڭ سۆزىنى دەرھال تەستىقلاپ دېدىم،—ئاممىۋى ئاساسى بولمىغان بىر چوكاننى گېزىتتە تەشۋىق قىلىپ يۈرسەك قاملاشمايدۇ-دە، تەتقىقات ئىشىنى تاماملاشتا تۆھپىسى بار، دەيمۇ قويايلى، بىراق شۇنچە كۆپ ئىللەتلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ نامىنى چاقناتقىلى بولارمۇ؟ يەنە كېلىپ ئۇنچىلىك ياشتىكى بىر چوكاننى گەددىمىزگە مىندۈرۈپ كۆتۈرۈپ يۈرسەك، كېيىن تېخىمۇ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتسە، مەغرۇرلانسا...

—ھىم، ئىللەتمىش، ھاكاۋۇرمىش ...

مەخسۇت مۇدىرنىڭ چىرايى بىردىن جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ قەيەرگىدۇ بىردەم تىكىلىۋالغاندىن كېيىن كەسكىن قىلىپ دېدى:

—دۇنيادا ئىللەتسىز ئادەممۇ يوق. ئەگەر بار دېيىلسە نۇرىماننى دېسە بولىدۇ. ئۇ قانچە كېچە-كۈندۈزنى ئۇيقۇسىز، قانچە يەكشەنبىنى ئارامسىز ئۆتكۈزمىدى-ھە؟ ھەي بىزنىڭ خەق، ئەگەر ئىللەت بار دېيىلسە...

ئۇ ياتاقتا باشقا بىرسى يوقتەك، ئۆزى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلىمەكتە، مۇشتۇملىرىنىڭ تۈگۈلگەنلىكىدىن، چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس ئىدى. مەخسۇت مۇدىرنىڭ ئۇنچىۋالا قايناپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسلا پەرەز قىلمىغانىدىم.

—ئەلۋەتتە ئۆزىڭىز خالىمىغان ئىشنى سىزگە تاڭغىلى بولمايدۇ،—مەخسۇت مۇدىر تىنچلاندى-دە، سىلىق تەلەپپۇزدا دېدى، — نۇرىمان ھەققىدە بىر نەرسە يېزىش-يازماسلىقىڭىز كارايىتى چاغلىق، ئۇ ئۈن-تىنسىز ئىشلەشنى خالايدىغان چوكان، بىراق، بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئېقىمغا ئەگىشىپلا يول تۇتماسلىق. كىشىلەرگە توغرا باھا بېرىش، ياخشى ئادەملەرنىڭ ياخشىلىقىنى كىشىلەرگە تونۇتۇش. مۇنداق بولسۇن، ماقالىنى قانداق يازسىڭىز ئىختىيار سىزدە، بىراق بەزى ئىشلارنى چۈشىنىشىڭىزگە ۋاقىت كېرەك. ئالدىرىمىسىڭىز، ھەممىنى بىلىپ قالىسىز، ئەڭ ياخشىسى نۇرىمان بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىڭ.

—ئۇچرىشىش ئەسكە توختىمىغاندەك، بۈگۈن تەتقىقات ئورنىدا ئۇ يوقكەن.

—رەجەپ قادىر بارمىكەن، بەلكى ئۇ سىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرغاندۇ؟ مەخسۇت مۇدىرنىڭ ھەر بىر قەدىمىنىڭ قانداق بېسىلغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغانلىقىغا گۇمانىم قالمىدى. بولۇپمۇ ئۇ رەجەپ قادىرنى ئېغىزغا ئېلىۋېتىپ كۆزلىرىمگە مەنىلىك نەزەر بىلەن تىك قادالغاندا، زادى چىداپ تۇرالمىدىم.

بەزى ئادەملەر باركى، سۆزلىگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە قەسەم ئىچىپ تۇرسىمۇ كۆزى ھەممە يالغانلارنى پاش قىلىپ تۇرىدۇ. بەزى ئادەملەر باركى، سۆزلىرى ئادەتتىكىچە بولسىمۇ، كۆزلىرى راستلىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. مەخسۇت مۇدىر سۆزلەۋاتقاندا بولسا ئۇنىڭ بوزراق كەلگەن كۆز قارچۇقىدىن بىر خىل نۇر ئېتىلىپ چىقىپ كىشىنى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەققەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشكە قىستىغاندەك قىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۈچ كۈندىن بۇيان چىقارغان يەكۈنلىرىمگە كۆڭلۈمدە تۇنجى قېتىم شەك پەيدا بولدى. نېمىلا بولمىسۇن نۇرىمان بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنى زىيارەت قىلىشقا قوشۇلۇش پىكرىگە كەلدىم.

— ئۇنداقتا نۇرىمان بىلەن قەيەردە ئۇچرىشالايمەن؟

مەخسۇت مۇدىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىزدە!

مەن زورىغا باش لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

7

مۇخبىر دېگەن بۇ نام بالىلىق ۋاقتىمدىلا ماڭا تونۇشلۇق ئىدى. بۇ نام قۇلىقىمغا چىرايلىق ئاڭلانغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئىشقىلىپ مۇخبىر دېگەننى يۇرت رەھبەرلىرىدىنمۇ چوڭ دەپ ھېسابلايتتىم. بەزىدە ئۇچقۇسى كەلگەن تەرەپكە ئۇچىدىغان، چۈشكىسى كەلگەن يەرگە چۈشەلەيدىغان ئەركىن قۇش سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. 12 — 13 ياشلاردىكى چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى مەھەللىگە ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ مۇخبىرى كەپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا يەۋاتقان تامىقىمنىمۇ تاشلاپ ئەترەت ئىشخانىسىغا باردىم. ئۇ يەردە بىر كىشى ئەترەت باشلىقىدىن بىرنېمىلەرنى سوراپ خاتىرىسىگە يېزىۋاتقانىكەن. مۇخبىر دېگەننىڭ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدىغانلىقىنى، كۆرىدىغان قىزىقچىلىق يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئاغىنىلىرىم پەشلىرىنى قېقىپلا كېتىپ قېلىشتى. مۇخبىر بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ئىشىنى تۈگەتتى - دە، ئېڭىكىمنى ئىككى قولۇم بىلەن تىرىگىنىمچە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋاتقان ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھەي شەيتان، ئەجەبمۇ چىداپ ئولتۇرۇپ چىقتىڭغا، زېرىكمىدىڭمۇ؟

— زېرىكمىدىم!

مۇخبىر ماڭا گەپ قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزەمنى بەكمۇ بەختلىك، ئامەتلىك سەزدىم، ئاغىنىلىرىمنىڭ بۇ ئامەتتىن قۇرۇق قالغانلىقىغا ئېچىندىم.

— ھوي ئوغلۇم، چوڭ بولغىنىڭدا مۇخبىر بولغۇڭ بارمۇ نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى ھېلىقى مۇخبىر مەندىن.

— مۇخبىر ئاكا، ئويۇمدىكىنى تاپتىڭىز، قېنى ئېيتىڭا، قانداق قىلسا مۇخبىر بولغىلى بولىدۇ؟

ئۇ مۈرەمگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ياخشى ئوقۇغىن، ئوبدان ئۆگەنگىن، تىلىكىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىشىنىمەن — دېگەنىدى.

ھېسابلاپ باقسام مۇستەقىل مۇخبىرلىق قىلغىلى بەش يىل توشۇپ ئىككى ئاي ئېشىپتۇ. ھېلىمۇ يادىمدا، گېزىتخانىغا تەقسىم قىلىنىپ تۇنجى يىلى ھازىرقى باشلىقىمغا ئەگىشىپ تۆت ئايلىق تۆۋەنگە چۈشكەندىلا بۇرۇن ئويلىغانلىرىمنىڭ باللارچە خىيال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدىم. چىگىش مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە «مانا ساڭا مۇخبىرلىق دېگەن» دەپ ئۆز- ئۆزۈمگە تەنە قىلاتتىم.

بىراق شۇ بەش يىلدىن بۇيان ئۇچرىغان چىگىش مەسىلىلەر ھازىرقى ئەھۋال ئالدىدا ھېچقانچە ئەمەس ئىدى.

مۇشۇ سائەتتە بويۇنۇمغا باغلانغان ئىككى ئارغامچىنىڭ بىرى ئالدىغا سۆرەيتتى، بىرى كەينىگە تارتاتتى. مەن بولسام قارىمۇ - قارشى يۆنىلىشلىك ئىككى كۈچ ئارىسىدا قىينالماقتا ئىدىم. بىراق، مەخسۇت مۇدىر بىلەن بولغان قىسقىغىنە سۆھبەتتىن كېيىن كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ، ئالدىغا سۆرىگۈچى كۈچ سەلپەل ئاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈۋاتقان ئالامەتلەر ئادەمنى ئويغا سالماي قالمايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئەھۋال ئۇ ئېيتقاندەك چىقىپ قالىدىغان بولسا ئاڭلىغان ئىنكاسلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزۈمنىمۇ ئۇزۇل- كېسىل ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇخبىر بولغان كىشى مەسىلىنىڭ بىرلا تەرىپىنى ئالدىراپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتسە بولمايتتى. يەنى ئۇنىڭ ئەكسى تەرىپىنىمۇ ئويلىشى كېرەك ئىدى. بۇ فورمۇلا بويىچە بولغاندا نۇرىمان ئۇۋال قىلىنىۋاتقان، كۆمۈلۈپ قالغان، ھەسەتخورلارنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان شەخس بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مۇخبىر قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئەلۋەتتە بار كۈچى بىلەن ئادالەتنى ياقىلاپ، ھەقىقەتنى ئەپكار ئامما ئالدىدا يورۇتۇشى، ئۆز ھېسسىياتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماسلىقى لازىم ئىدى.

بىر كېچىلىك باش قاتۇرۇشتىن كېيىن نۇرىمان بىلەن ئۇچرىشىش قارارىغا كەلدىم. ئەتىگەندىلا قول سومكامنى كۆتۈرۈپ تەتقىقات ئورنىغا جۆنىدۈم.

تەجرىبىخانا يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاۋازى ئاڭلانغىدەك جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. تام بويلاپ قويۇلغان تەجرىبە ئۈستەللىرى ئالدىدا بىر قاراشتىلا ئەر ياكى ئاياللىقىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئاق خالاتلىق خادىملارنىڭ بەزىسى شىكاللارنى كۆزىتىمەكتە، بەزىلىرى خاتىرە يازماقتا ئىدى. مەن تەجرىبىخانىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئۇدۇل كەلگەن بىرىدىن سورىدىم.

— نۇرىمان قايتىپ كەلدىمۇ؟

— ...

— نۇرىمان قايسى؟

— قايتىپ كەلدى، مانا ئالدىڭىزدا تۇرىدۇ!

جاۋاب بەرگۈچى كەينىگە شۇنداقلا بۇرۇلىۋېدى، ھەيرانلىقتىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. كۆرۈۋاتقىنىم تۈنۈگۈن پوچتىخانىدا ئۇچراتقان، بىرەر ئەمەلدارنىڭ رەپىقىسى بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلغان ھېلىقى چىرايلىق چوكان ئىدى. «بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى» دېگەندەك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كىشىنى ھەيىقتۇرغىدەك بىر خىل جەزىبىلىك نۇر چاقناپ تۇراتتى.

— مەن مۇخبىر، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم.

دەماللىققا ئاغزىمدىن چىقىرالىغىنىم مۇشۇ ئىككى ئېغىز گەپ بولدى.

ئۇ ماڭا لاپ ئېتىپ بىر قارىۋېلىپ، دانە - دانە قىلىپ دېدى:

— ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇشىڭىز ھاجەتسىز، بىز ئاللىقاچان تونۇشۇپ بولغانغۇ دەيمەن؟

ئۇنىڭ چىرايىدا چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر خىل كۈلكە جىلۋىلەندى. يۈرىكىم جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— ھە ... ھە ... تونۇشۇپ بولغان، شۇنداقتىمۇ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋالساق بولاتتى...

— ئەپۇ قىلىسىز، ھازىر ۋاقتىم يوق.

— بۇ ....

ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە قانداقتۇ زاڭلىق قى-

لىش مەناسىنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكە كۆرۈندى ۋە دېدى:

— مەن بىلەن پاراڭلاشماقچى؟! ئىرادىڭىزگە خىلاپ هالدا، شۇنداقمۇ؟

يۈزۈم بىردىن قىزىرىپ كەتكەندەك بولدى. بەلكى قىزىللىق قۇلىقىمغىچە يېتىپ بارغان بولسا كېرەك، ئەتراپىمغا كۆز قىرىمنى تاشلىۋىدىم، هەممەيلەن ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېتىپتۇ. هېلىمۇ ياخشى تەجرىبىخانىدا بىراۋنىڭ سۆزىگە بىراۋ قۇلاق سالمايدىغان ياخشى ئادەت بار ئىكەن. نۇرىمانمۇ، مەنمۇ چۈشىنىپ تۇراتتۇقكى، تۈنۈگۈن پوچتاخانىدا قارشى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزى مېنىڭ قۇلىقىمغا كىرىپ قالغاندەك، مېنىڭ سۆزۈممۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ ئۇلگۈرگەنىدى. بىراق، يوشۇرۇن ئىبارىلەر بىلەن بايان قىلىنغان «ئىرادەم»نى پەۋقۇلئاددە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئىگە بۇ چوكان ئاڭقىرىۋالغانىدى. ئەمدى مەن پايدىلىنالايدىغان بىردىنبىر ئامال — تىل سەنئىتىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ يوشۇرۇن بومبا كۆمۈلگەن رايوندىن هالقىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىدى. شۇڭا گەپنى چاقچاققا بۇراپ دېدىم:

— بولدىلا، ئىرادە - پىرادە دېگەننى قويۇپ تۇرايلى، مانا هازىر سىزنى زىيارەت قىلماقچى بولغىنىمنىڭ ئۆزى ئىرادە!

نۇرىمان ئىسپىرتوپكىنىڭ كۆكۈش يالقۇنى تەپتىدىن ئاق كۆپۈك ئورلىتىپ ۋىژىلداۋاتقان مىنزۇركىنى ئىتتىكلا قولىغا ئالدى. كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— چاقچاق قىلىشىپمۇ بولدۇق، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سىز بىلەن پاراڭلاشقىدەك ۋاقىت چىقىرالمايمەن. ئۆلچەملىك سۇيۇقلۇقلار تامامەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىلىپتۇ. بۈگۈنلا ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك، هەممە ئىشنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

— قاچان شۇنداق بوپتۇ؟

— تۈنۈگۈن.

— تەجرىبىخانىدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان كىمكەن ئۇ؟

— كۆرۈپ تۇردىڭىزغۇ؟

ئىشكاپ ئۈستىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان بىر ۋازا سېرىق سەبدە گۈلگە كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا رەجەپ قادىرنىڭ تۈنۈگۈن مۇشۇ يەردە «ماهارەت» كۆرسەتكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى.

نۇرىمان ماڭا يەنە مەنىلىك تىكىلدى. مەن سورىدىم:

— رەجەپ قادىر؟

— ...

نۇرىمان سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدى، ئۇ ئۆز يېنىدا بىر مۇهىم شەخسنىڭ تۇرغىنىنى تامامەن ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەندەك، قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن بەنت ئىدى. مۇخبىرلىق هاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئېتىبارسىز قالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ ياكى نۇرىماننىڭ نۇرغۇن كىشىلەر ئارزۇ قىلىپمۇ ئېرىشەلمەيدىغان زىيارەتنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمىگەنلىكىگە خاپا بولغىنىم ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇشقا باشلىدى.

ئەمدى بۇ يەردە ئازتۇقچە تۇرۇۋېرىشىمنىڭ ئەهمىيىتى يوق ئىدى.

زورىغا بولسىمۇ «خوش» دەپ قويۇپ تەجرىبىخانىدىن ئايرىلدىم.

مەخسۇت مۇدىر بىلەن بولغان سۆهبەت ۋە بۈگۈنكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم رەجەپ قادىرنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئوبرازىنى فوكوسى تەڭشەلمىگەن فوتو ئاپپاراتتا تارتىلغان رەسىمدەك غۇۋالاشتۇرماقتا، نۇرىماننى بولسا روشەنلەشتۈرمەكتە ئىدى.

ئىشقىلىپ، كەيپىم ساز ئەمەس ئىدى. بۇ شەهەرگە كەلگىنىمدىن بېرى تەسەۋۋۇرۇمدا قۇرۇلغان ئىمارەتنىڭ ئۇلى لىڭشىۋاتاتتى ...

www.uyghurkitap.com

## 8

قايسىدۇ بىر كىتابتىن مەلۇم مەشھۇر شەخسنىڭ «مۇخبىر» دېگەن ئاتالغۇغا «تاجىسىز پادىشاھ» دەپ تەرىپ بەرگەنلىكىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە. بۇ تەرىپ مۇخبىرنىڭ ھېلىقى شوپۇر ئېيتقاندەك «ئەركىن كەسىپ» ئىكەنلىكىگە قاراپ بېرىلگەنمۇ ياكى چۆچەكلەردىكى ھەققانىيەتنىڭ ھامىيسى بولۇپ يامانلىققا بەرھەم بەرگۈچى ئادىل پادىشاھلارنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىگە قىياسەن بېرىلگەنمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. بىراق، تۈپ ماھىيەت جەھەتتىن ئادالەتكە مايىل بولغان ئىنسانىنىڭ مۇخبىردىن ئادالەتنى ياقلاشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىدا گەپ بولمىسا كېرەك. شۇنداق ئىكەن، ۋىجدان ئالدىدا بۇرچۇمنى ھېس قىلىدىغان ئادىتىم مۇشۇ تەلەپكە ئۇيغۇن ئەمەسمۇ؟ مۇخبىرلىق ئورنىغا قەدەم باسقان تۇنجى مىنۇتتا ئۆز - ئۆزۈمگە مانا شۇنداق قەسەم بەرگەن ئەمەسمىدىم؟

بىراق، ھەق بىلەن ناھەق كۆپىنچە ھاللاردا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق گىرەلىشىپ كەتكەن گۈگۈمدەك گىرىمسەن بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ يورۇقلۇق ياكى قاراڭغۇلۇق ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيەلمەيسەن، بىرلا ئامال — ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈشۈڭ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭنى ئىشقا سېلىشىڭ كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈرى يەنىلا سەزگۈ ۋە تەپەككۇر.

ياتىقىمغا كىرىپ كەلگەن تۇراخۇن تەكلىپىم بويىچە ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇكام، رەجەپ قادىر ئېيتىپ قوي دېۋېدى، بۈگۈن كەچتە سىزنى بىر يەرگە باشلاپ بارغۇدەك. سائەت بەشتە ئۆزى مۇشۇ يەرگە كېلىدىغان بولدى.

— قەيەرگە باشلاپ بارغۇدەك؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سافانىڭ بۇرتۇپ چىققان پورژىنلىرىنى تەكشىلەپ قويماقچى بولغاندەك ئۇ يەر - بۇ يەرنى بېسىپ تۇرۇپ:

— تۇرسۇن ۋالىينىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارىدىغاننىڭ گېپىنى قىلىشقاندەك قىلدى. ھە، تۇرسۇن ۋالىي مۇشۇ ۋىلايەتنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، بەلكى تونۇشىدىغانلا، ئۇ پەن - تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئوھوي، مۇنداق دېسىلە!؟

«ۋالىينىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلىنىش ھە؟ مەن راستىنلا تاجىسىز پادىشاھ ئوخشىمايمەنمۇ!»

قايسى كۈنى رەجەپ قادىرنىڭ ھوزۇرىدىكى زىياپەت ۋە زىياپەتتىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ ئۈلگۈردى. ئۆزەممۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر ھېسسىيات، بىر يېقىمسىز تۇيغۇغا ئايلىنىپ، كۆڭلۈمدە بىئاراملىق ئىنكاسىنى پەيدا قىلدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، زىياپەتلەر ئەمدى جىسمانىيىتىمنى خورىتىش ۋە پىكىرىمنى خىرەلەشتۈرۈشتىن ئۆزگە، ماڭا ھېچقانداق ھوزۇر بەخش ئېتەلمەيتتى. بىراق، بۈگۈن بارىدىغىنىمىز ۋالىينىڭ ئۆيى ئەمەسمۇ، ئۇ يەردە بەلكى ئېتىقسىزلىق يۈز بەرمەس، بەلكى خىزمىتىم ئۈچۈن پايدىسى تېگىپ قالار ...

— بولىدۇ، سائەت بەشتە ياتاقتا ساقلاي.

تۇراخۇن قوللىرىنى ئۇۋۇلىغاچ كەينىگە ياندى، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ خۇددى جاۋابىمدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولدى - يۇ، يەنە توختاپ قالدى. بۇ ھال ئۆتكەن قېتىمدىكىدىن ھېچ پەرق قىلمايتتى. بىر سېكونت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئالامەتلەر سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىمدا «ئۇنىڭ ئېيتماقچى بولغان بىرەر سۆزى بولسا كېرەك، ھېچبولمىغاندا ھاجىتى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن قىياسنى ئەكس ئەتتۈردى. مەن دېدىم:

— تۇراخۇنكا، قىلمىدىغان بىرەر زۆرۈر ئىشلىرى بولمىسا بىر دەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرمامدۇق؟

— يۇقسۇ ... يوقسۇ ....

ھەرنېمىلەرنى دەپ ئۇنى يەنە سافاغا ئولتۇرغۇزدۇم. كەيپىياتنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن دەرھال چاي دەملەپ، ئىستاكاننى قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئۇ بارا - بارا كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىشقا باشلىدى بولغاي، ئاساسىي گەپكە كۆچتى:

— ئۇكام، ياق ... ياق .... مۇخبىر ئۇكام، بىر گەپ بار ئىدى، دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ...

ئىستاكاننى چاي ئۈستىلىگە قويۇپ كۆزۈمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ مەندىن ئىشەنچ تەلەپ قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— قېنى مۇڭداشامدۇق، سىلە بىلەن بىز ئاتا - بالىنىڭ ئورنىدا تۇرساق، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىۋەرسىلە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟— دېدىم مەن ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

ئۇ قوللىرىنى خۇددى خېمىر زۇۋۇلا قىلغاندەك ئېزىپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— ئۇكام، نۇرىمان دېگەن چوكانغا بەك ئۇۋال بولۇپ كېتىپ بارىدۇ. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، تونۇگۈن قولاق سالسام ئۇنى ئارقا سەپكە يۆتكەيدىغان گەپنى قىلىشىۋاتىدۇ.

نۇرىمان توغرىسىدىكى گەپ بولغاچقىمۇ، بىردىنلا تېتىكلەشتىم. سۆھبەتدىشىمنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاگاھلاندۇرۇپ سورىدىم:

— راستمۇ، بۇ گەپنى كىم قىلدى؟

—ئۇكام، مۇشۇ قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم، — ئۇ قۇلىقىنى سىلاپ قويۇپ دېدى، — رەجەپ قادىر بىلەن سوجاڭ شۇنداق دېيىشىۋاتىدۇ. مېنى گەپ تىڭشايدىغان ئادەمكەن دەپ قالمىسىلا، قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، بۇ يەردە بۇ گەپنى بىركىمگە قىلغىلى بولمايدۇ. ئىچىمگە پاتتۇرالماي سىلىگە ئېغىز ئاچتىم.

— شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟

تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم، تۇراخۇن قوللىرى بىلەن ئىككى يوتىسىنى شاپىلاقلاپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى - دە، دېدى:

— ھەي، رەجەپ قادىرنىڭ «قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايدىغان ئادەممەن» دەپ مەيدىسىگە قېقىپ يۈرۈشىمۇ بىكار ئەمەس، موزاي قۇيرۇقىنى كۆتۈردىمۇ، شاتراقلىماي قويمايدۇ!

مەن ئويلىنىپ قالدىم، نۇرىمان ھەققىدە بىلگەنلىرىم تېخى ئەتراپلىق بولمىسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە بىلىپ ئۈلگۈرگەنلىرىم ئاساسىدا ئويغانغان ھېسداشلىق تەڭپۇڭ تارازىنىڭ بىرىنى بېسىپ چۈشمەكتە ئىدى. تۇساتتىن مەخسۇت مۇدىر يادىمغا يەتتى - دە، ئىشەنچ بىلەن دېدىم:

—رەجەپ قادىر بولسا مۇئاۋىن، يەنە مەخسۇت مۇدىر بارغۇ؟ بۇ ئىش ئۇنىڭ سەمىگە يەتمەي قالماس!

تۇراخۇن ئۈمىدسىزلەنگەن قىياپەتتە بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— دېگەنلىرىڭىز راست، شۇنىسى مەخسۇت مۇدىر يىغىندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلارغا ئانچە قول تىقمايۋاتىدۇ، بۇغۇ ئۇنىڭ ئىرادىسى ئەمەس، بىراق، ئاڭلىساق تەشكىل ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپتۇدەك، پېنسىيىگە چىقارماقچى ئوخشايدۇ، بۇگۈن بىر يەرگە كېتىپتۇدەك— دېدى.

تۇراخۇن بارغانسېرى تىمت - تىمت بولۇۋاتاتتى، ياتاقتا ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى.

— ئۇنداقتا ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە پىكىر بەرسەك بولماسمۇ؟

— ھا ... ھا ... ھا ...

ئۇ نىجى قېتىم كۆرگىنىمدە، تۇراخۇن مەندە كەمسۆز، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان ياۋاش - مۆمىن بەندە بولسا كېرەك، دېگەن تەسىراتنى قالدۇرغانىدى. مانا ھازىر بولسا ئۆز قاراشلىرىنى دادىل سۆزلىمەكتە ئىدى:

— رەجەپ قادىرنى مەخسۇت مۇدىرنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولغان يەردە، كىممۇ پىسكرىمىزنى ئاڭلايتتى؟ «ئاسمانغا تۆكۈرسەڭ بېشىڭغا چاچرايدۇ» ئەمەسمۇ؟

— بۇ ئۆتمۈشتىكى گەپ ...

گېپىمنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا تۇراخۇن يەنە قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، كۈلگەندە شۇنچىلىك ئاچچىق كۈلدىكى، ئۇنى دوراپ بېرىدىش، يا تەسۋىرلەپ بېرىش ھەر قانداق قىزىقچى ياكى ئەدىبنىڭ قولىدىن كەلمەس ئىدى.

— ئۆتمۈشتىمۇ شۇنداق ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردە ھازىرمۇ شۇنداق، بۇنى ناھايىتى ئوبدان بىلىمەن.

ئۇ توختاپ، ئاغزىنى سەل نەملىۋالغاندىن كېيىن،ماڭا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— سىلە مېنى ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە لاۋازىمەتچىلىك قىلىدۇ، رەجەپ قادىرنىڭ چاپچىسى دەپ ئويلامدىلا؟

تۇيۇقسىز قويۇلغان بۇ سوئال مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى، دەماللىققا بىر نەرسە دەپ جاۋاب بېرەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدىم. ئۇ ئۆزىنى بىسىۋالماق بولدىمۇ ياكى ئۇزۇن بىر ھېكايىنى باشلايدىغانلىقىدىن بىشارەتمۇ، سافاغا قايتا جايلىشىۋېلىپ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى:

— ياق ... ياق ... ئۇنداق ئەمەس، مەنمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدىم. تەقدىر مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، تەقدىر دېدىممۇ؟ ياق، بەندىلەر شۇنداق قىلدى. سۆزلەپ كەلسەم گەپ تولا.

— قېنى سۆزلەپ بەرسىلە ئاكا، — دېدىم ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئۇكام، رەجەپ قادىرنىڭ ئۆيىنى كۆردىلىڭىزمۇ دەيمەن؟

— كۆردۈم.

— مەن ئاتا مىراس مىمارچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتىم، شەھەرلىك قۇرۇلۇش شىركىتىدە خېلى ئەتىۋاردىم بار ئىدى. ئۈچ يىل بۇرۇن رەجەپ قادىرنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنىڭ سالماقچى بولغان ئۆيىنى پىلانلاشقا ۋە قۇرۇلۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا توغرا كەلدى. شىركەت مەسئۇلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ماقۇل دېدىم، بىر يىلغا قالماي قۇرۇلۇشىمۇ پۈتتى...

— پاھ، قوللىرىدىمۇ، ھۈنەرلىرىدىمۇ ھەقىقەتەن گۈل ئىكەن تۇراخۇنكا، — دېدىم ئۇنى ماختاپ:

— راست دەيدىلا ئۇكام، گۈلدەك ھۈنىرىم بار ئىدى. كېيىن ئۇ ھۈنىرىمنى ئىشلىتەلمەيدىغان بولدۇم.

— نېمىشقا، شۇنداق ئېسىل ھۈنەرنىمۇ تاشلىۋېتەمدىغان؟

— نېمىشقا تاشلىۋېتەتتىم؟ رەجەپ قادىر تاشلاتقۇزدى ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇنىڭ گېپىدىن ھېچنېمە چۈشىنەلمەدىم-دە، سورىدىم:

— قانداق قىلىپ؟

— قانداق قىلىپ بولاتتى، ئۇ مېنى دۆڭگە يىقىتتى. پەن-تېخنىكا كومىتېتىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىپ، بىناكارلىق تەتقىقاتىغا شارائىت يارىتىپ بېرىمىز دېدى، ئەمەلىيەتتە لاۋازىمەتچىلىككە سالدى، كەسپىمدىن ئايىردى.

— نېمە ئۈچۈن، بۇ كەسپىڭىزنىڭ كىمگە زىيىنى باركەن؟ — تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم.

— كىمگە زېمىنى بولماقچىدى، كېيىن بىلسەم، رەجەپ قادىرنىڭ ئىچى تارلىقى مۇشۇ ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىكەن. ئۇنىڭدىكىدەك ئىمارەتتىن بۇ شەھەردە يەنە بىرى سېلىنماسلىقى كېرەككەن!

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — ئەخمەقانىلىقتاۋە يولسىزلىقتا ئۇچىغا چىققان بۇ ئىشنى ئاڭلاپ راستىنلا ئاچچىقىم كەلدى. تۇراخۇندىن سورىدىم:

— يۇقىرىغا ئىنكاس قىلمىدىڭمۇ ئاكا؟

— ئىنكاس قىلمامدىغان، ئاتا مىراس ھۇنەرنىڭ ماڭا كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا چىداپ تۇرالايمەنمۇ، — ئۇ دىمىقىنى قېقىپ قويۇپ دېدى، — ئىنكاس قىلدىم، لېكىن قانچە ۋارقىرسامۇ ئاۋازىم ۋىلايەتنىڭ تېشىغا چىقمىدى، ئاسمانغا تۈكۈرگەن ئوخشايمەن، تۈكۈركۈم ئۆز بېشىمغا چۈشتى، ئاخىرى دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرمەكتىن ئۆزگە ئىلاج بولمىدى.

ياتاقتا، يىل-يىللاپ توپلانغان يوشۇرۇن كۈچ بىلەن بىردىنلا پارتلىغان ۋولقاننىڭ زىلزىلىسى بېسىققاندىن كېيىنكى جىمجىتلىققا ئوخشاپ كېتىدىغان سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. روشەنكى، تۇراخۇن بولسا قولىدىن كەتكەن ھۈنىرىنى ئەمدى قايتۇرۇپ ئالالمايدىغانلىقىغا ئۆكۈنمەكتە ئىدى. مەن بولسام زىل-زىلىدىن ئۆزەمنى يوقىتىپ، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتاتتىم.

تۇراخۇن ئۇنتۇپ كەتكىلى خېلى يىللار بولغان خۇمارىنى قايتا ئېسىگە ئالغان بولسا كېرەك، چاي ئۈستىلىدە تۇرغان گېزىتتىن شارت قىلىپ يىرتىۋالدى-دە، قۇتامدىن موخۇركا قويۇپ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا قىلىپ يۆگىدى. مەن سەرەڭگە يېقىپ بەردىم، ئۇ موخۇركىنى يۇتۇۋەتكىدەك بولۇپ ئۈچ-تۆت قېتىم شورىۋالغاندىن كېيىن كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويغانلىقىغا خىجىل بولغاندەك دېدى:

— ھەي... نېمىلەرنى دەپ كەتكەندىمەن، ئۇكام كۆڭۈللىرىنى چالغىتىپ قويدۇمغۇ دەيمەن، نېمىلا بولمىسۇن ئىچى قارنىم خېلى بوشاپ قالدى. باشتىكى گېپىمىزگە كېلەيلى، دەيمەنغۇ، ئۇلار دېگىنىدەك قىلماي قالمايدۇ، نۇرمانغا ئۇۋال بولىدۇ. نۇرماندەك بىر ئالتۇننى توپا بىلەن تەڭ قىلىۋەتسە چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ زادى؟!

— ئالتۇننى؟...

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىدىم، بىر قانچە كۈندىن بېرى نۇرمان توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك ياخشى سۆپەتنى ئاڭلىغىنىم ئۈچۈنمىكىن، سەل ھاياجانلانماي تۇرالمىدىم.

— تۇراخۇنكا، سىلە نۇرمان توغرىسىدا خېلى بىر نېمىلەرنى بىلسىلە كېرەك-ھە؟

— بىلمەمدىغان ئۇكام، ئۇنى كۆز ئالدىمدا چوڭ بولغان دېسەممۇ ھەرگىز يالغان ئېيتقان بولمايمەن، ئۆيلىرىمىزمۇ تام قوشنا ئىدى. دادىسى رەھمەتلىك بىلەن مەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان.

— ھە، مۇنداق دېسىلە.

تۇراخۇننىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ، زىيارەت ئوبيېكتىم ھەققىدە ئازراق بىر نەرسە بىلىۋالماقچى بولدۇم.

— شۇنداق، مەسىلەن ئالايلۇق، ئۇنىڭ ئوقۇمىغان كىتابلىرى يوق دېيىشكە بولىدۇ، خىزمەتتىمۇ بەك قېتىرقىنىدۇ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەندىن بېرى تەتقىقات تېمىسىدىن ئىككىنى ئورۇندىدى. بۇ قېتىمقىسى بىلەن ئۈچ، — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى: — بولدىلا، «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن گەپ بار. ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ قويسىلا ھېچ بولمىسا ئۇنىڭغا تەسەللىي بولۇپ قالار، بىلگىلىرى كەلگەننى ئۆزىدىن سوراۋەرسىلە.

— ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئانچە قىزىق-

www.uyghurkitap.com

مايۋاتىدۇ، ۋاقتىم يوق دەيدۇ.

تۇراخۇنغا سىناق نەزىرى بىلەن تىكىلدىم، ئۇ يەنە قوللىرىنى ئۇۋۇلىۋالغاندىن كېيىن:

— ئوھوي، سەككىز سائەت ئىچىدە ۋاقىت بولمىسا، كەچلىكى نەگە كېتەتتى. مۇخبىر دېگەننىڭ ئامالى تولا، مۇشۇنىڭغىمۇ كاللىلىرى يەتمىدىمۇ، — دېدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ.

پېشانەمگە پاقىدە بىرنى ئۇردۇم، دېمىسىمۇ ئۇنى ئىزلەپ ئۆيىگە بېرىشىم ئەلۋەتتە مۇمكىن ئىدى. بۇ يەنە خىزمەت دائىرەمدىكى ئىش ھېسابلىناتتى. بىراق، كاللامدىن تۇيۇقسىز بىر سوئال كېچىپ قالدى:

— ئىشىكى ئالدىغا بارسام قارشى ئالامسىچۇ؟ ئۇنداقتا بەكمۇ ئوڭايسىز بىر ئەھۋال يۈز بېرىدۇ - دە!

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۈرۈيدىلا. ئەسسالاۇئەلەيكۇم دەپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن مېھمانىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىش بىزدە نەدە بار؟ ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يەنە دېدى:

— ئۇنىسىغۇ راست، ئۇ مۇخبىر دېگەنلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگىنى يۈرگەن.

— نېمىشقا؟

— بايام مەن دېمىدىمۇ، بىزنىڭ بۇ يەردە كىمنىڭ نامى چىقسا ئۇنى قىرقىمىدىغانغا قايچا تەييار. مۇنداق بولسۇن، مەن سىلىگە ھەمراھ بولۇپ باراي، بولامدۇ؟

مۇخبىرلىق داۋامىدا مۇخبىردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتقانىدىم، لېكىن، بىرەر ئامال قىلىپ ئۇلارنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتىم، ئەنە شۇنداق خاراكتېردىكىلەر كۆپىنچە ھاللاردا ئوچېركىمنىڭ ئەڭ ياخشى باش قەھرىمانى بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا تۇراخۇننىڭ پىكرىگە رازىلىق بىلدۈردۈم.

9

كەچلىك تاماقتىن كېيىن كىچىك ئۈنئالغۇنى تۆش يانچۇقۇمغىلا جايلاشتۇرۇپ، چوڭ يول ئارقىلىق قارا سۆگەت كوچىسىغا قاراپ قەدەم تاشلىدىم.

كەچلىك ھاۋا غەلىتە بىر تۈستە تۇتۇلغان، پۈتۈن ئاسمان گۈمبىزى تەكشى بويالغان ئەترەك پەردە تارتىلغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. نە غەربتىكى تاغ چوققىلىرى، نە چوققا ئۈستىگە كېلىپ قالغان قۇياش ئۆزىنى كۆرسەتمەيتتى. يا بوران چىقىدىغانلىقىنى، يا يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى قىياس قىلماق تېخىمۇ قىيىن ئىدى. يول ياقىسىدىكى ئېگىز تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى بىرەر شەپىنى سەزگەن ئاتنىڭ قۇلاقلىرىدەك، قىمىر قىلمايتتى.

تۇراخۇن بىلەن كېلىشىۋالغان دوقمۇشتا ئۇچراشتۇق ۋە پاراڭلاشقاچ قارا سۆگەت كوچىسىنىڭ ئۇ بېشىدىكى ئاددىي قوشقاناتلىق ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قەدەممىزنى توختاتتۇق.

يۈرىكىم دۈپۈلدەيتتى. تۇراخۇننىڭ چۈشتىن كېيىنكى تەسەللىسى بىلەنمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن ئەندىشەم چىرايىمدا ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. تۇراخۇن چىرايىمغا لاپپىدە قارىۋالدى ۋە ئارسالدىلىقىمنى مەسخىرە قىلغاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئىشىك زەنجىرىنى ئىشەنچ بىلەن شىلدىرلاتتى.

— ئىشىك ئوچۇق!

بۇ بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن تۇراخۇننىڭ ئارقىسىدىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ قىز كۆرگىلى كەلگەن يىگىتتەك ئېھتىيات بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدىم.

ھويلىدا كىچىك ئورنىچىلىك گۈللۈك بار ئىدى، گۈللۈككە ياپپىسىغا ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق سەبدە گۈللەر زەپە يېيىتىلغاندەك تۇتاش كۆرۈنەتتى. دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان بىرقانچە تەشتەكتىمۇ سېرىق سەبدىلەر كۈلۈپ تۇرات-

تى. گۈللۈكنىڭ بىر تەرىپىدىكى ئازگاللىدىن ئۈچ تارتقان قېرى تەكلەر باراڭغا يامىشىپ، ئۆگزىگە ئارتىلىپ چۈشكەنىدى. باراڭ ئاستىغا قويۇلغان كارىۋاتتا ئورۇقلاپ قاخشالدەك بولۇپ قالغان بىر ئايال ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ياتاتتى.

نۇردىمان قولىدىكى چىنە بىلەن قوشۇقنى قارىيىپ كەتكەن شىرەگە قويدى-دە، بىزگە ئىلپات كۆرسەتتى.

— ئايشەمخان، كېسەللىرى چىقىپ قالدىمۇ، ئوبدان بولۇپ قالغاندەك تۇرىدىلىغۇ؟

تۇراخۇن ئۇدۇل كارىۋات يېنىغا بېرىپ تىزلاندى ۋە كېسەلدىن ئەھۋال سورىدى.

— قانداق ئەھۋاللىرى ئانا، ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ - دېدىم مەن دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

تۇراخۇن ئايشەمخان بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىۋاتقاندا كۆزۈم نۇردىماننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ چىرايى خېلى ئوچۇق ئىدى، نا قولاي ۋاقىتتا كېلىپ قالغىنىغا ئۆزۈم خىجىل بولۇپ تۇرساممۇ، ئۇنىڭ قارىشى تۇراخۇننىڭ باھاسىنى تەستىقلاپ تۇراتتى.

ئايشەمخان دەم يۆتىلىپ، دەم سۆزلەپ دېگەندەك نۇردىمانغا بىزنى ئۆيگە باشلاش بۇيرۇقىنى بەردى. نۇردىمان چىراغ يېقىپ كۆرپە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ سۇپا ئۈستىدىن ئورۇن ئېلىشتۇق.

بۇ ئۆي ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىدىن پەرق قىلمايتتى. پەگاھقا قويۇلغان بىر جۈپ قوپال ياسالغان سافا ۋە كىيىم ئىشكاپىدىن ئۆزگە، كۈن چىقىش تامغا بىر كەلگەن كىتاب ئىشكاپى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۈچبۇرجەك بولۇق ئىشكاپنىڭ ئۈستىدە ھېلىلا ئۈزۈلگەن بولسا كېرەك، بىر دەستە سېرىق سەبدە گۈل ۋازىغا چېلانغان ھالدا تۇراتتى.

كۈن پېتىش تامغا چاپلانغان ئىككى تەقدىرنامە ئۆتمۈشتىن گۇۋاھلىق بېرىپ سارغىيىپ كۆرۈنەتتى. بەلكى، نۇردىماننىڭ دادىسى بولسا كېرەك، چوڭايتىلغان بىر پارچە رەسىم چىرايلىق رامكا ئىچىگە ئېلىنىپ، تۆر تامدىكى كۆزگە تاشلىنىدىغان يەرگە ئېسىپ قويۇلغانىدى.

—ئايشەمخاننىڭ ئاياغتىن قالغىنىغا ئۈچ-تۆت يىل بولۇپ قالدى. نۇردىمان راستىنلا ۋاپادار بالا. ئانىسى ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى،— دېدى تۇراخۇن سۆيۈنگەن ھالدا.

نۇردىمان دەستىخان ھازىرلاپ كىردى ۋە چايغا تەكلىپ قىلدى:

—قېنى تۇراخۇنكا، مۇخبىر يولداشنى ھەيدەپ چايغا بېقىشسىلا، مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي.

—ياق...ياق...،—دېدىم مەن ئالدىراپ،—بىمەھەل كېلىپ سىزنى ئاۋارە قىلغىنىمىزمۇ يېتەر. تاماق يەۋالدۇق، جۇۋۇمىگىزمۇ بولىدۇ.

تۇراخۇنمۇ سۆزۈمنى قۇۋۋەتلىدى، ئاخىرىدا نۇردىمانمۇ چاي ئوتلىغاچ بىزگە ھەمراھ بولدى. سېزىپ تۇراتتىمكى، گەپ باشلاشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى.

—سېرىق سەبدىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز نۇردىمان؟— دەپ سورىدىم مەن قىز-چوكانلار بىلەن بولغان سۆھبەتتە گەپ باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ.

ئۇ كۈلۈپ قويدى. ۋازىدىكى بىر دەستە گۈلگە قارىۋالغاندىن كېيىن:

—سىز نېمىلا دېگەن بىلەن مۇخبىردە! سېرىق سەبدىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىپ بوپسىز!—دېدى.

—سېرىق سەبدە ياخشى گۈل،— دېدىم مەن بۇ گۈلنى قىسقىلا سۈپەتلەپ.

—چۈشىنىۋاتىمەن، كۆڭلۈمنى ئاياپلا شۇنداق دەۋاتىسىز، سېرىق سەبدىنى نۇرغۇن كىشىلەر

ياخشى كۆرمەيدۇ، لېكىن مەن ياخشى كۆرىمەن، نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇ ئەتىيازدىن كەچكۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ، ئىسسىققىمۇ، سوغۇققىمۇ چىداملىق، يىلتىزى ھۆل يەرگە ئۇلاشسىلا كۆكلەۋېرىدۇ. بىراق ئۇ چىرايلىق بولغان بىلەن قىزىل گۈلدەك پۇرىقى يوق، كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك... ئارىمىزدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى، ئايشەمخانىنىڭ يۈتەلنى ياندۇرالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان تۇراخۇن ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ئۇھ تارتىپ قويدى- دە، دېدى:

— نۇرىمانخان، ئانىڭىزنىڭ زۇققا كېسىلىنى دوختۇرغا يەنە بىر كۆرسەتسەڭ بولاتتى. بىچارە يۆتىلىپ بەك قىينىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— ھەي، نېمىسىنى دەيدىلا، ئۇلۇشكۈن دوختۇرخانىغا ئاپارماقچى ئىدىم، دوختۇر بىلەن پۈتۈشۈپمۇ قويغان، باشلىقىمىزنىڭ يېزىغا بېرىپ مېۋە ئېلىپ كېلىشكە مېنى ئەۋەتكىنىنى دېمەمدىلا، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈشكەن پۇرسەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇر بىلەن يەنە بىر ئالاقىلىشىدىغان گەپ ئەمدى.

— ھەي... — تۇراخۇن بېشىنى چايقاپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن دېدى، — نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ بۇ جاھاندا، خۇددى ئەۋرىشكە ئېلىپ كېلىشكە باشقا بىرسىنى تاپالمىغاندەك، ئارقا سەپتىكىلەرمۇ يېتىپ ئاشىدىغۇ!

نۇرىمان سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

— يەنە كېلىپ مېنى ئەۋەتىپ پۈتۈن ئۆسكۈنە، ئەسۋابلىرىمنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتكىنىنى دېمەمدىلا.

گەپ رەجەپ قادىر ئۈستىدە كېتىۋاتقاچقىمۇ مەن سۆھبەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم ۋە نۇرىماندىن سورىدىم:

— نېمىشقا سىزنى ئەۋەتىدۇ؟ ئارقا سەپتە ئادەم تولۇق دېدىڭىزغۇ؟

نۇرىمان دېمىقىنى قېقىپ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ:

— بۇنى تېخى قىياس قىلالمىدىڭىزمۇ؟ سىزنى خېلى ئەقىللىق مۇخبىرمىكىن دېسەم تايىنلىقكەنسىزغۇ!

ئۇنىڭ چاقچاق قىلغىنىنى ياكى تەنە قىلغىنىنى بىلەلمىدىم، قانداقلا بولمىسۇن پېشانەمنى سوغۇق تەر بېسىپ ئۈلگۈردى.

— بولدى بۇ قېتىم سىزگە ئېيتىپ بېرەي، قالغىنىنى ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلىۋالارسىز. ئۇ بىرىنچىدىن سىزنىڭ مەن بىلەن ئۇچرىشىشىمىزنى خالىمىغان، يەنە بىرى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە زېمىن تەييارلىغان!

كۆز ئالدىم بىردىنلا سوققان كۈچلۈك شامال تۇمانلارنى تارقىتىۋەتكەندەك يورۇپ كەتتى. نۇرىماننىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. رەجەپ قادىر راستىنلا ئۆزىنى كۆرسىتىپ بىر مەيدان كومېدىيە ئوينىمىدىمۇ؟ ئۇ شۇ كۈنى مېنىڭ نۇرىمان بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمنى بىلەتتىمۇ؟ كۆڭلۈمدە شۇ ھامان يەنە بىر سوئال تۇغۇلدى:

— ھېلىقى كۈنى نېمىشقا پوچتىخانىغا بېرىپ تېلېفون بەردىڭىز؟ بۇ ئىشنى باشقىلار بېجىرسە ياكى تەتقىقات ئورنىدىنلا تېلېفون ئالسىڭىز بولمايتتىمۇ؟

يۈزۈمنىڭ خىجالەتچىلىك دەستىدىن قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئۆزەمگە مەلۇم بولدى. چۈنكى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا قىلغان سۆزلىرىمنىڭ نۇرىمانغا ئايان ئىكەنلىكى بىردىنلا يادىمغا چۈشكەنىدى. ئۇ مېنى ئايىدىمۇ ياكى ئۇ كېلىشمەسلىكنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ، تەبىيلا جاۋاب بەردى:

— تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە مېۋىلەرنىڭ ھەر خىل سورتلىرى كېرەك. ئۇلارنىڭ ماڭا

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئەكەلدۇرۇپ بەرگۈسى كەلمەيدۇ. تېلېفون بېرەي دېسەم، ئاپىلىق تېلېفون خىراجىتى تۈگەپتۇ دەيدۇ. ئەمدى قانداق قىلاتتىم؟

تۇراخۇنكام سۆھبىتىمىزنى قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى، بېشىنى لىڭشىتىپ نۇردەماننىڭ سۆزىنى تەستىقلايتتى.

تۇرمۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قويغان سوئالىمغا نۇردەمان ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن:

— ئائىلىۋى تۇرمۇش بەختىدىن نېسىۋەم يوق ئوخشايدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردى ۋە خورسىنىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئىشقىلىپ بەختسىزمەن. بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن سىزگە چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيمەن. ياخشىسى باشقا ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشساق قانداق؟

— بولىدۇ، — دېدىم مەن سۆھبىتىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ. شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمدە يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە ھەققىدە يەنە سوئال قويدۇم:

— تۇراخۇنكا، نۇردەمان، سىلەرنىڭ رەجەپ قادىر بىلەن بىرەر شەخسىي ئاداۋىتىڭلار بارمىدى، مەسىلەن...

ئىككىلەن بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالدى، بىردىنلا سوغۇق كۈلۈپ كېتىشتى:

— ئۇكام، — دېدى تۇراخۇن ئالدى بىلەن سۆزلەپ، — ئەزبىرايى خۇدا، بىز ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىغان، باياتىن ئالدىلىرىدا ئىچ قارنىمنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن سۆزلەپ قويۇپتىمەن، بولمىسا ماڭا بەرىبىر، بىراق نۇردەمانغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېلىغىچە چۈشىنەلمەيمەن، بىر ئۇلا ئەمەس، يەنە نۇرغۇنلار...

ھويلا ئىشىكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى سۆھبىتىمىزنى چورتلا ئۈزۈپ قويدى. ئارقىدىنلا ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل كەلگەن 30 ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق بىر ئەركەك بوسۇغا ئۈستىدە



پەيدا بولدى. ئۇ مەس بولسا كېرەك، قولىرى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىنى تىرەگىنىچە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ تۇراتتى. تۇراخۇنكام قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىككە تاقابىل تۇرماقچى بولغاندەك بىردىنلا ئاياغقا تۇردى. نۇردەمان بولسا چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالدى. بۇ ناتونۇش مېھماننىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن سۆھبەتداشلىرىمغا قارىدىم، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ كۆزى مەندە ئەمەس ئىدى.

— ھى... ھى... ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كىشى سىزغۇ، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن، نوچىغۇسىز...

ناتونۇش كىشى ئاران ئېچىلىۋاتقان كۆزىنى ماڭا تىكتى - دە، مەنسىتمەسلىك كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھىم... ئايلىنىپ... ئايلىنىپ مۇشۇ سېرىق سەبدىنى تاپتىڭىزمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ... بۇ... بۇ... ئۈستۈڭلاردىن چۈشۈپ قالدىم، ئەمدى مەن سىزنى بىر ئاز ئاۋارە قىلىمەن...

ئۇ دۈككىدە سەكرەپ بوسۇغىدىن چۈشتى،

دەلدەڭشىگەن پېتى ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. مەن نېمە ۋەقە بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي مەڭدەپ قالغانىدىم.

— قاسىمجان!— دېدى تۇراخۇن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ،— نېمە بولدىڭىز، تۇزۇكلا بىر يىگىتتىڭىزغۇ، مېھماننىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟

ناتونۇش كىشى دەلدەڭشىگەن پېتى كېلىپ:

— تۇراخۇن، ... تۇراخۇنمۇسەن،— دېدى - دە، قولىنى تۇراخۇننىڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ كاپلا قىلىپ ياقامدىن ئالدى.

قانداق قىلاي، قول ياندۇرايمۇ - يە؟ ئۇنداق قىلىشقا غورۇرۇم يول بەرمەيتتى. شۇ ئەسنادا غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ تۇرغان نۇردىمان ئېتىلىپ كەلدى، ناتونۇش كىشىنىڭ قولىنى بىر سىلكىپلا ياقامدىن بوشاتتى.

— قاسىمجان، نېمە دەپ مېھمىنىمغا قول ئۇزىتىسىز، ئۇيالسىڭىز بولمامدۇ،— دېدى ئۇ ئۇنىڭ كۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ.

نۇردىماننىڭ تەدبىرى دەرھال ئۈنۈم بەردى. ناتونۇش كىشى بىر قەدەم كەينىگە يېنىپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بۇ... بۇ كىشى نېمە دەپ بۇ يەرگە كېل... كېلىدۇ؟

ناتونۇش كىشى تومشۇقى بىلەن مېنى ئىشارەت قىلماقتا ئىدى. نۇردىمان دەرھال جاۋاب بەردى:

— ئېيتىڭا قېنى، نېمىشقا كەلمەيدىكەن، سىز بىلەن نىكاھ مۇناسىۋىتىمىز ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن، ئەمدى مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟

— خىجىل بولۇڭ ئۇكام— دېدى تۇراخۇن ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرۇپ،— نېمەدېگەن ئەخلاقسىزلىق بۇ، بۇ مۆخبىر يىگىت نۇردىماننىڭ مېھمىنى تۇرسا، ئىككى-ئۈچ ئېغىز پاراڭلاشقانغا نېمە بوپتۇ!

—تۇراخۇنكاممۇسەن؟ بۇ... بۇ يەردە سەنمۇ بارمىدىڭ،— ناتونۇش كىشى تۇراخۇننى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تازا سەپسېلىپ قارىدى - دە، بېشىنى سىلكىۋېتىپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ دېدى،— ئەمىسە ئۇلار نېمىشقا بۇ يەردە... سېنىڭمۇ بارلىقىڭنى ماڭا دېمىدى؟...

نۇردىمان بىلەن تۇراخۇن ئىتتىك بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك بولدى.

— ھوي قاسىمجان،—دېدى نۇردىمان سىلىق قىلىپ،— ئۇلار دېگىنىڭىز كىم، سىزگە نېمە دېدى؟

— ئۇلار... رەجەپ قادىرمۇ... ياق... ياق...

ناتونۇش كىشى دۇدۇقلاپ قالدى. ئۇ نېمىنىدۇ خاتا قىلىپ قويۇپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئەپسۇسلىنىۋاتقان بالىدەك يەرگە قارىۋالغانىدى.

— ھە، ئىش مۇنداقكەندە!— دېدىتۇراخۇن ناتونۇش كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ—سىزنى خېلى ئادەم دەپ يۈرسەم، يەنە خەقلەرنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىدىڭىزمۇ، چوپچوڭ ئادەم بولۇپ تۇرۇپ- ھە؟ تايىنلىق، ئۇلار بۇ ئىككىيلەننى ئۇنداق قىلىپ كەتتى، مۇنداق قىلىپ كەتتى، سەن بېرىپ ئۇنى دە، بۇنى دە دېگەندۇ، ھەي بىچارە قاسىمجان، سىزدە كاللا بارمۇ-يوق، بۇرۇنقى ئىشلارغىمۇ سالاۋات دەيلى، بۇ قېتىم يەنە ... ھەي...

تۇراخۇن گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەۋاتاتتى.

مەن نۇردىماننىڭ بۇرۇنقى يولدىشى بولۇشى مۇمكىن دەپپەرەز قىلغانبۇ كىشىبىردەم سۈكۈتتە تۇردى - دە، بىردىن ئۆپكىدەشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ باياتىنقى قىلىقلىرىغا پۇشايمان قىلىۋاتقىنىنى ياكى ئارتۇقچە ئىچىپ تاشلىغىنىنى

ئۇچۇن ئۆزىنى باشقۇرالمايۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. نۇردىمان ياغلىقىنىڭ بۇرجىكىنى چىشلىگىنىچە قانداقتۇر بىر خىياللارنىڭ قوچىقىغا بەنت بولغىنىچە سۇپىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇراتتى. تۇراخۇن قاسىمجان دېگەن بۇ كىشىگە كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قاسىمجان ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ نۇردىماننىڭ ئالدىغا بېرىپ يېلىنغان ئاھاڭدا دېدى:

— نۇردىمان، مېنى كەچۈرسىڭىز، پىتنە - پاساتلارغا ئىشىنىپ سىزگە ئازار بېرىپ قويۇپتىمەن، بىز يارىشۋالايلى، بولامدۇ؟ بولامدۇ؟

نۇردىمان ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش ئالامەتلىرى تەڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاسىمجان بولسا بىردەم تۇراخۇنغا، بىردەم نۇردىمانغا ئىلتىجا قىلاتتى. ئۆزىگە جاۋاب ئىزدەيتتى:

— بۇرۇن كىشىلەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپتىمەن، بۇ قىلىقلىرىم ئۈچۈن مېنى تىللىۋېلىڭ، پۇخادىن چىققىچە تىللىۋېلىڭ... ئەمدى ھەرگىز كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەيمەن، ئىشىنەمسىز، مەن سىزدىن ئايرىلىپ ياشىيالمايمەن، بىز يارىشۋالايلى...

قاسىمجان كۆز يېشى قىلماقتا ئىدى. تۇراخۇن ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇتۇپ سۇپىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە تەنە ئارىلاش:

— كىم سىزنى باشقىلارنىڭ گېپىگە ئىشەن دېدى ھە؟ ئۇنداق ئادەم ئۆز ۋاقتىدا نېمىشقا ئەقلىڭىزنى ئىشقا سالمايسىز؟ نۇردىماننى ناھەق قارىلاپ، ئۇنىڭغا سالغان ئازابلىرىڭىز ئازمۇ؟ يەنە بۈگۈن چاتاق تېرىغىلى تاسلا قالدىڭىز...

— بۇ ... بۇ ...، — قاسىمجان دۇدۇقلاپ سۆزلەيتتى، ئۆزىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى، — ھەي تۇراخۇنكا، ئەمدى نېمە دېسەم بولار، ئادەم بالىسى دېگەن خام سۈت ئەمگەن نېمىكەن، ئۇلار ساقاللىق چىققان ئابرويلۇق ئادەم بولغاندىكىن يالغان ئېيتماس دەپتىمەن، بىر ئوبدان ئائىلىنى بۇزۇپتىمەن، مەن ئەمدى ئادەم بولدۇم.

ئۇ ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتى. كۆڭلىدىكى گېپىنى بىراقلا ئېيتىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

— بۇ ئۆلگۈرلەر بۈگۈنمۇ مېنى كولدۇرلىتىپتۇ... كولدۇرلىتىپتۇ...، — ئۇ بىردىنلا نۇردىمانغا يۈزلەندى-دە، غەزەپ بىلەن دېدى:

— نۇردىمان، بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇ قارا نىيەتلەرنىڭ ياقىسىدىن سۆرەپ ئالدىڭىزغا ھازىر قىلىمەن، مېنى قانداق كولدۇرلاتقانلىقىنى ئىقرار قىلدۇرمايدىغان بولسام ئوغۇل بالا بولماي كېتەي!

نۇردىمان قاسىمجان تەرەپكە قولىنى ئۇزاتتى- يۇ، تارتىۋالدى.

— توختاڭ!

تۇراخۇن چەبدەسلىك بىلەن سىرتقا قاراپ ئېتىلغان قاسىمجاننى تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ ھەدەپ تاشقىرىغا قاراپ ئېتىلىۋاتقان بەستىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— قاراملىق قىلماڭ قاسىمجان، ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن ئالغان بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق يوللار بىلەن ئائىلەڭلەرنى بۇزغىنىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، نۇردىمانمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ھازىرچە بىر ئاز كەيپكەنسىز، قايتىپ تۇرۇڭ، ئەتە سىز بىلەن پاراڭلىشىمەن، بولامدۇ؟

— ھەي تۇراخۇنكا، ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى مۇنۇ مۇخبىر ئاغىنىمىزنىڭ ئالدىدىلا ئېچىپ تاشلايمەن، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى خەلق ئالەم بىلىۋالسۇن.

قاسىمجان مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى. قارىغاندا ئۇ ماڭا ئىشىنىشكە باشلىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

تۇراخۇن نۇردىمان بىلەن كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالدى - دە قاسىمجانغا:

— ھازىرچە قايتىپ ئارام ئېلىڭ، ئەتە مۇنۇ مۇخبىر ئۇكامنىمۇ باشلاپ بارىمەن، بولامدۇ؟

قاسىمجان بىردىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، مەستلىكىمۇ يېشىلگەندەك كۆزىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناشقا باشلىدى. ئۇ تۇراخۇننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ دېدى:

— بۇ كۆڭۈلدىكىدەك گەپ بولدى تۇراخۇنكا، باشلاپ بېرىڭ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن...

ئۇ ئاغزىغا تۇيۇقسىز بىر نەرسە قاپلاشقاندەك توختىۋالدى، نۇردىمانغا ئاستىرتتىن قاراپ قويۇپ، تۇراخۇندىن تىترەك ئاۋاز بىلەن سورىدى:

— ئۇنداقتا ... نۇردىمانچۇ، ئۇ قاچان بارىدۇ؟

تۇراخۇن نۇردىمانغا «بۇنىڭغا نېمە دەيسىز» دېگەندەك قاراپ قويدى ۋە ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دېدى:

— بارىدۇ، بارغاندا ئۇنىمۇ تۇراخۇنكام بار دەپ ئىشەنچ بىلەن يۈرۈۋېرىڭ!

ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتۇق. قاسىمجانمۇ كىچىك بالىلاردەك خۇشاللاندى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋازىدىكى گۈللەر ئارىسىدىن بىر تال سېرىق سەبدىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئېڭىگە باغلانغان كۆزگە كۆرۈنمەس ئارغامچا بىلەن تارتىلىپ كېتىۋاتقاندەك، نۇردىمانمۇ ئىتتىك بىر قەدەم تاشلىدى - يۇ، يەنە توختىدى. قاسىمجاننى ئۇزىتىپ كىرىۋېتىپ تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم:

— نۇردىماننىڭ بۇرۇنقى يولدىشىمۇ؟

— ھەئە.

تۇراخۇن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ دالاندا ئاستا ماڭاتتى، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك دېدى:

— بولىدىغان يېگىت ئىدى، نۇردىمان بىلەن بىر ئوبدانلا ئۆي تۇتۇۋاتقان. يىتتە - پاسات ئاخىرى ئۇلارنى ئايرىۋەتتى.

— قانداق يىتتە - پاسات؟

— دېمىسەممۇ تەسەۋۋۇر قىلالايسىز!

— يىتتە - پاسات تېرىغۇچىلارنىڭ يا نۇردىمان بىلەن، يا قاسىمجان بىلەن چىقىشالمايدىغان يېرى بارمىدى، كۆزلىگەن بىرەر مەقسىتى بارمىدى يە.

تۇراخۇن سوئالىمنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتكەندەك:

— قانداق ئاداۋەت بولسۇن، رەجەپ قادىر ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان ئادەم، ئوغۇل - قىزلىرى ئاللىقاچان ئىككى - ئۈچ بالىلىق بولۇپ قالغان تۇرسا، - دېدى.

— ئۇنداق بولسا...

ئەمدى نېمىلەرنى سورىشىم مۇمكىن، بىراق نۇردىمان خىزمەتتىمۇ، ئائىلىۋى تۇرمۇشتىمۇ ھېچقانداق خۇۋلۇق كۆرمەيۋاتسا، ئۇلار زادى نېمىگە ئېرىشمەكچىكىنە؟ دېگەن سوئال ماڭا ئارام بەرمەيتتى.

ئويغا پاتقانلىقىمنى كۆرگەن تۇراخۇن بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلدى - دە، كەسكىن ئاھاڭدا دېدى:

— ئۇلارنىڭ نۇردىمانغا، شۇنداقلا باشقىلارغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۆچلۈك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىڭىز كېلەمدۇ، ئۇنداقتا ئاڭلاڭ، بۇ ھەسەتخورلۇقتىن، كۆرەلمەسلىكتىن، ئىچى تارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

تۇراخۇن خۇددى دۈشمىنىنى ئەجەللىك تىللار بىلەن پاش قىلىۋاتقاندەك ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلىمەكتە ئىدى:

— بىز خەقلەر باشقىلارنىڭ بىرەر نەتىجىسىنى كۆردۇقمۇ، چىداپ تۇرالمايمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ ئۇلىنى كولىشىمىز، تاكى بىراۋنىڭ

نام-ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولمىغىچە ئارام تاپالمايمىز. باشقىلار قىلغان ئىشنى مەن نېمە ئۈچۈن قىلالمايدىكەنمەن دەپ ئۆز-ئۆزىمىزگە مەدەت بېرىشنىڭ ئورنىغا باشقىلار نېمە ئۈچۈن مەن قىلالمىغان ئىشنى قىلىدىكەن دەپ بىئارام بولىمىز، ئۆز ئارا ياقىلىشىپ، قېرىشىپ كۈچىمىزنى خوراتمىغىچە ئاتا-بوۋىمىزدىن مىراس قالغان بۇ مەرەزنى تاشلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھالىمىز مانا مۇشۇ!

ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىشلىرى ۋە قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بىتاپتەك تىترەشلىرى تۇراخۇننىڭ ئارتۇقچە ھاياجانلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

— ھەسەتخورلۇقنى كەسىپ قىلىۋالغانلار يەنىلا ئاز ساندا، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئاخىرىدا.

تۇراخۇننىڭ سۆزى نۇرىمانىڭ قەلبىدىمۇ ئەكس سادا قوزغىغان بولسا كېرەك، ئۇ تام تەرەپكە ئالدىنى قىلىۋېلىپ زۇۋان سۈرمەي تۇراتتى. ھەسەتخورلۇقنىڭ قۇربانى بولۇۋاتقان بىگۇناھ چوكاننىڭ قانچىلىك ئاچچىق يۇتۇۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىشمۇ قىيىن ئەمەس ئىدى.

... ... ...

تۇراخۇن مېنى مېھمانخانا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. يولبويى گويا سۆز قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەندەك بىر ئېغىزمۇ ئۈندىمىدى.

مېھمانلار ئۇيقۇغا كېتىشىپتۇ. كۆپىنچە ياتاقلارنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەن، نەلەردىدۇ شىرىلداۋاتقان تۇرۇبىا سۈيىنىڭ زېرىكتۈرگۈچى ئاۋازىدىن ئۆزگە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. كارىۋاتقا تاشلىنىپ ئۆزەمنى ئۇيقۇغا زورلاپ باقتىم، بىراق كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتاتتى. تۇراخۇننىڭ غەزەپ ئوچقۇنىنى چېچىۋاتقان كۆزلىرى، تىترەۋاتقان كالپۇكى كۆز ئالدىمدا قايتا نامايەن بولۇپ، غەزەپ بىلەن قىلغان سۆزلىرى خۇددى تاغ زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىدەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى.

دېمىسىمۇ، ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بۇ ۋابا قان ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت ئامىلىغا ئوخشاش نەچچە ئەۋلاد ئادەملىرىمىزنىڭ قەلبىدە كېسەللىك ئوچىقى پەيدا قىلىپ، ئىچكى خورىتىش رولىنى ئوينىمىدىمۇ؟ ئىبلىسلارنىڭ قاتمۇ-قات تۇساقلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھۆرلۈك تەختىگە يېقىنلاپ قالغان باھادىرلارنى بىر-بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق قىلىشقا قۇترىتىمىدىمۇ؟ ئاقىللارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىپ، دوستنى دۈشمەنگە، دۈشمەننى دوستقا ئايلاندۇرۇپ، مېھرى-مۇھەببەت رىشتىنى چىرىتىپ، ئىناقلىق ئېتىزىغا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچمىدىمۇ؟

ھەقىقەت بەزىدە ئاددىي ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىدۇ. ھەسەتخورلۇقنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلجىسىگە ئايلانغان تۇراخۇننىڭ ئېيتقىنى تامامەن توغرا ئىدى. ھەسەت تۈپەيلىدىن ياخشىلارنىڭ يولىغا ئورا كولايدىغانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، ھەسەتخورلۇقنىڭ رەھىمسىز قامچىسى ئاستىدا توزۇپ كېتەي دەپ قالغان سېرىق سەبدىلەرنى ھىمايىگە ئېلىشنىڭ پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى.

## 10

ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ دېرىزىدىن قانداق مارىلىغانلىقىنى، تال-تال نۇر تالالىرىنىڭ تام-تورۇسقا دوقۇرۇپ يۈرگەن قويۇق تاماكا ئىسىنى قانداق تېشىپ ئۆتكەنلىكىنى سەزمەيلا قاپتىمەن. قۇرۇقدىلىپ قالغان ئاشقازىنىمنىڭ نارازىلىق بىلدۈرمىگىنىمۇ قىزىق ئىش، بەلكى مۇخبىرلىق ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆز رايىمنىڭ دەۋىتىدە ۋىجدان بۇيرۇقى بىلەن قەلەم تەۋرىتىۋاتقىنىم ئۈچۈنمىكىن، يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىكىرىم نېرۋىلىرىمغا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بەرمىگەن بولسا كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئىشىك يېنىك چېكىلگەندىن كېيىنلا سائىتىمگە قاراشقا پۇرسەت تاپتىم، سىتىرېلكىلا چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئىككىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

تۇراخۇن كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۈستەلگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن قەغەزلەرگە كۆز يۈگۈرتۈۋالدى - دە، نېمىنىدۇ چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، تولۇپ تاشقان رازىمەنلىك نەزىرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلدى. ئۇ ئىستاكانغا چاي تاشلاپ، قايناقسۇ تولدۇرۇپ ئالدىمغا قويۇپ دېدى:

— قاراڭ، كۆزلىرىڭىز قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كېتىپتۇ، ھەرقانچە بولسىمۇ بىر نەرسە يەۋېلىپ ئاندىن ئولتۇرمامدىغان.

مەن كۈلۈپ قويدۇم، ئۇ يېنىمغا كېلىپ مۆرەمگە يېنىك ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان ئەمگەكنىڭ لەززىتى باشقىدە! — دەپ قويدى.

— ئەپەندىم، سىزگە ئۈرۈمچىدىن تېلېفون باركەن، رەجەپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئالسىڭىز بولغىدەك!

مېھمانخانا كۈتكۈچىسىنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن ئىككىمىز تەڭلا ئىشىكتىن چىقتۇق. رەجەپ قادىرنىڭ ئىشخانىسىغا بارغىنىمدا، ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

— مۇخبىر يىگىت، ئىشلىرىڭىز ئۈنۈملۈكمۇ، شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس، ئوبدان كۈتەلمىگەن بولساق پىكىر بېردۈبىرىدىك - ھە!

مەن ئۇنى تۈنۈگۈن كەچتە ۋالىيىنىڭكىگە بارمىغانلىقىمغا نارازى بولىدۇ دەپ قىياس قىلغانىدىم، ئەمما خاپا بولغاندەك كۆرۈنمەيتتى.

تېلېفون ترۇبكىسىنى قولۇمغا ئېلىپلا باشلىقىمنىڭ ئاۋازىنى تونۇۋالدىم. ۋەزىپەمنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ ئۇنى بىر خۇشال قىلىۋېتەي دەپ ئېغىز ئېچىشىمغىلا ترۇبكىدىن ئۇنىڭ جىددىي تەلەپپۇزى ئاڭلاندى:

— قايتىپ كېلىپ باشقا بىر مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشىڭىزنى قارار قىلدۇق.

— چاقچاق قىلىۋاتامسىز باشلىق؟ ماڭا يەنە ئىككى كۈن كېرەك، ئاڭلاۋاتامسىز، ئىككى كۈن!

شۇنداق دېگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە چاقچاق قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم، باشلىقىمنىڭ كەسكىن ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— قايتىپ كېلىڭ دېگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىڭ!

— بۇ يەردىكى ۋەزىپىچۇ؟

— قالغان يېرىدە قالسۇن، مۇمكىن بولسا ئەتىكى نۆۋەتچى ئايروپىلانغا ئۈلگۈرۈڭ.

ئۇ بۇيرۇق ئاھاڭىدا سۆزلەۋاتقاندەك قىلغان بىلەن نېمىشقىدۇر گەپلىرى قولاشمايتتى، دۇدۇقلايتتى.

— نېمىشقا گېپىڭلاردا تۇرمايسىلەر؟

— بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئەمەس، يۇقىرىنىڭ ئىرادىسى، ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇردىمانغا، سىزگە پىكرى باردىكەن، قالغىنىنى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇقۇسىز.

باشلىق ترۇبكىنى قويۇۋەتتى بولغاي، گەپ ئۈزۈلدى. قارا بوراندا قالغان كىشىدەك، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. قارىغاندا ئەھۋال ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئېنىقكى، ھەسەتنىڭ ئېلىس قولى بىر جۈپ مېتال سىمنى بويلاپ خېلى بىر يەرلەرگىچە يەتكەن، ئاغزىدىن دۈت پۈركۈپ تۇرغان بۇ ئەجدىھا مېنىمۇ ھاپ ئېتىشكە تەييارلانغانىدى.

— ھا ... ھا ... ھا...

رەجەپ قادىرنىڭ كۈلكىسى مېنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ غالىبلارچە ھىجىيىپ تۇرۇپ:

— مۇختەرجان، قېنى ھېلىقىنى مۇخبىر يىنىڭىزغا بەر، — دېدى ۋە يەنە ماڭا بۇرۇلدى:

— سىزگە بىر پارچە ئايروپىلان بېلىتى لازىم بولۇپ قالىدىغانلىقى كېچىچە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەن، تەييارلاپ قويدۇم، ھە… پۇل دېمىسىز، پۇل دېگەن ئوخشاش، مۇنۇ مۇختەرجانغا بېرىدىپ قويارسىز، خەير خوش كۆرۈشەرمىز …

رەجەپ قادىرنىڭ تەلەتىگە قارايدىغانغا كۆزۈم يوق ئىدى. تېلېفون ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا بىتوندىن قويۇلغان تۈۋرۈكتەك قاتقان پېتىم بىر ھازا تۇرغاندىن كېيىن مۇختەرنىڭ قولىدىن بېلەتنى شارتلا قىلىپ ئالدىم - دە، كەينىمگە بۇرۇلۇپ لەنەت تەككۈر بۇ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتىم، ئىشىك ئالدىدا تۇراخۇن، نۇردىمان ۋە قاسىمجانلار ماڭا ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا ماتەمدار كىشلەرنىڭ چىرايىدىلا بولىدىغان ئىپادە ئەكس ئېتەتتى.

## 11

— مۇخبىر ئەپەندىم، سىزمۇ سېرىق سەبدىنى ياخشى كۆرەمسىز؟

مېنى خىيالدىن ئويغاتماقچى بولدىمۇ، ماشىنا شەھەر رايونىدىن ئايرىلاي دېگەندە مۇختەرجان سىگنالنى قارىسىغا ئىككى قېتىم بېسىۋەتكەندىن كېيىن تۇيۇقسىز سوراپ قالدى. ئۇ قولۇمدا ئويناپ ئولتۇرغان بىر تال سېرىق سەبدىگە دىققەت قىلغان بولسا كېرەك.

— ياخشى كۆرمەن، — دېدىم مەن دانە-دانە قىلىپ، — ئۇ ئەتىيازدىن كەچكۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ!

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ دىمىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئەگەر ئۇ ئەتىيازدىكى جۇتقا ئۇچراپ ئۈششۈپ كەتسىچۇ، ياكى ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىپ كەتسىچۇ، يەنە ياخشى كۆرۈۋېرەمسىز؟

— ياخشى كۆرۈۋېرىمەن، ئىپلاس ئاياغلارنىڭ ئۇنى چەيلىشىگە يول قويمايمەن، ئۇنى چوقۇم پۇراق چاچقۇزىمەن، بىلەمسىز، پۇراق چاچقۇزىمەن!

پىكاپنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدىن قانداق تۇرۇپ كەتكەنلىكىمنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن، مۇختەر خۇددى گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك ئىسقىرتىپ قويۇپ دېدى:

— ئېمىشقا ھاياجانلىنىپ كېتىسىز ئەپەندىم، سېرىق سەبدىنى مەنمۇ ياخشى كۆرىمەنغۇ، — ئۇ رول يېنىغا قىستۇرۇلغان سېرىق سەبدىنى ئېگىلكى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئېمىسىنى ياخشى كۆرىسەن، دەپ سورىدىمامىسىز، ئۇنىڭ ئېچىلغىنىنى كۆرۈشكە كۆزۈم يوق، پەقەت ئۇنىڭ توزۇپ كېتىشىنىلا ياخشى كۆرىمەن، توزۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزەمگە ھەمراھ قىلىۋالىمەن، سېرىق سەبدىنىڭ توزۇۋاتقىنىنى كۆرۈش ئېمە دېگەن راھەت-ھە، مانا مۇشۇنداق …

ئۇ سېرىق سەبدىنى ئېلىپ پىكاپ دېرىزىسىدىن تاشلىۋەتكەندە، پۈتۈن ئەزايىم پاخالغا چوغ تاشلانغاندەك بىردىنلا ئوت ئېلىپ كەتتى. ۋارقىراشلىرىدىمۇ نەتىجىسىز قالدى.

— ماشىناڭنى توختات ئەبلەخ!

گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىم مۇختەرنىڭ پۈتىنى تورمۇز تەپكىسىنى بېسىشقا مەجبۇر قىلدى. ئالمان - تالمان يەرگە چۈشتۈم، رەھىمسىز چاقلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالغان سېرىق سەبدىنى ئاۋايلاپ يەردىن ئالدىم - دە، مۇختەرگە گۈلەيدىم:

— ئاڭلاپ تۇر ئەبلەخ، سېرىق سەبدىنىڭ توزىغىنىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيسەن! ئۇنى توزىتىمەن دېگىنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشۈڭ!

سەپەر سومكامنى كۆتۈرگەن پېتىم ئايرودرومغا قاراپ كېتىۋېتىپ كەينىمگە بۇرۇلدۇم. ھەممە يەر — ئاسمانمۇ، زېمىنمۇ تۇتاش ئېچىلىپ كەتكەن سېرىق سەبدە بولۇپ كۆرۈندى.

1987- يىل ئاپرېل




(تارىخىي ئوبزور)

نىزامىددىن ھۈسەيىن

## دانىيال خوجا ھەققىدە

خوجىنىڭ غوجىسى بار،
چاغۇرنىڭ ئۇردىسى.
(ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىرىدىن)

مىلادى 1690 - يىللاردىن 1730 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەرىيە خەلقىنىڭ دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا چوڭ - چوڭ ئىشلارنى پەيدا قىلغان، تەۋرەتكەن يەنى بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا جاھالەت ئۇرۇقى — «ئىسھاقىيە سوپى» لىقىنى چاچقان، كېڭەيتەكەن ۋە قەشقەرىيىنىڭ بىر مەھەل «خان»لىق تەختىنى ئىگىلىگەن، چوڭ يېتەكچى سىياسىي سوپىلارنىڭ بىرى — دانىيال خوجىدۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، دانىيال خوجا مىلادى 1659 - يىلى ھازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ خوجەنت رايونىدا (خوجا ئىسھاقى ۋەلىنىڭ ئوغلى — چوڭ سوپى — خوجا ئابدۇللا ئائىلىسىدە) دۇنياغا كەلگەن. 1683 - يىللىرى ئەتراپىدا دادىسى خوجا ئابدۇللا ئىشانغا ئەگىشىپ يەكەندە پەيدا بولغان. مەلۇم ۋاقىتلاردىن كېيىن، بىر مەزگىل يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، كېرىيە، چەرچەن، ئاقسۇ، كورلا، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا دەرۋىشلىك، «قۇرئەلىق» (پالچىلىق)، «ئاشىق» لىق «ھەرىكەت»لىرىدە يۈرۈپ، جاھاندارچىلىق قىلغان، «ئىش ئۆگەنگەن». 1690 - يىللار ئەتراپىدا دادىسىدىن سوپىلىقنى ئۆگىنىپ (ئىرشاتنامە ئېلىپ) «ئىسھاقىيە» سوپىلىقى بويىچە «پىر»لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.




يەكەن، قاغىلىق، گۇمىلاردا خاتىپ، قازى رەئىس، قازى، قازى كالان، مۇدەررىس بولغان. كېيىنرەك «ئىسھاقىيە» سوپىلىرى ئارىسىدا

---

بېشى ئۆتكەن سانلاردا

(يەكەندە) ئۆزىنى «سەئىد»، «ۋەلى»، «دىنىي يېتەكچى»، «بالا گەردان پىر» (بالا - قازاغا دۇ-ئەككىل پىر) ئېلان قىلغان ياكى بۇ خىل ناملارنى قوبۇل قىلغان، قوللانغان. 1693 - يىللىرى ئەتراپىدا «ئىسھاقىيە» سۇلۇكىنىڭ باش «داھى» لىقىنى، «قارا تاغلىق»لارنىڭ يېتەكچىلىك ھو-قۇقىنى، يەكەن، خوتەنلەرنىڭ بىر قىسىم دىنىي ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەن. يەكەندە بىر مەھەل «ئامان خوجا» (ئامانلىق ساقلىغۇچى باش ھۆكۈمران) بولغان. 1694 - يىلى يەكەندە ئاپپاق خوجىنى مەخپىي زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى پىلانلىغان، ئۇيۇشتۇرغان ۋە ئاخىرى پۈتۈن «ئىسھاقىيە» سوپىلىرىنى تەشكىللەپ، باشلاپ، 1697 - يىلى ئاپپاق خوجا «خان»لىقىنىڭ كېيىنكى داۋامى ھېسابلىنىدىغان خانىم پادىشاھ يەنى «جاللات خېنىم» (ئەسلى ئىسمى — مۆھتە-رەم خېنىم. ئۇچتۇرپانلىق —ئا) «ھاكىمىيىتى» نى چوڭ قىرغىنچىلىق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يەنىلا جۇڭغارلارنى ئارقا تېرەك قىلغان قەشقەرىيە دانىيال خوجا «خان» لىقىنى قۇرغان. 1734 - يىلىغىچە بۇ «خان» لىقنىڭ «خانى»، بەزىدە گۆرەدىكى «خانى» ياكى «تۇلەكتىكى خان»(جۇڭغار خانلىقى ئالدىدىن كېتەلمەيدىغان نەزەربەنت قورچاق «خان») بولۇپ، 1734 - يىلى قىشتا تۇيۇق-سىزلا يەكەندە ئۆلۈپ قالغان. جەسىتى يەكەندىكى «ئالتۇن مازار»غا دەپنە قىلىنغان.

دانىيال خوجا يەكەندە «خان» لىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، قەشقەرىيىنىڭ شۇ چاغلار-دىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە زادىلا تىنچلىق بولمىغان. ئاپپاق خوجىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجا مەھدى،قىلىچبۇرھان خوجا، ھەسەن خوجا، ئابدۇسەمەت خوجا قاتارلىق ئاپپاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەردە دانىيال خوجىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، دانىيال خوجىنىڭ يېقىنلىرىدىن مەخسۇت ئىشان باشلىق ئون نەچچە «قاراتاغلىق» چوڭ خوجىنى قەشقەردە چالا-كېسەل قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. خانىم پادىشاھنىڭ ئاكىسى ئارسلانخان (ئاقباش خان)مۇ قەشقەر-دە كۈچ توپلاپ دانىيال خوجىغا قارشى ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت باشلىغان. يەكەن، ئاقسۇ، خوتەنلەر-دىمۇ جۇڭغار خانلىقىنىڭ جۈملىدىن جۇڭغارلارغا تايانغان ھۆكۈمران خوجىلارنىڭ زۇلۇم - زور-لۇقلىرىغا، مىللىي ساتقۇنلۇققا، بۇنقەرزلىككە قارشى خەلق ھەرىكەتلىرى كۆتۈرۈلگەن. «ئاق تاغ-لىق»، «قارا تاغلىق» سوپىلارنىڭ ئۆزئارا زىددىيەت - سۈركىلىشلىرىمۇ راسا ئەۋجىگە چىققان. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان خوجا ئەھمەت ئىشان (ئاپپاق خوجىنىڭ نەۋرىسى يەنى خوجا يەھيانىڭ ئۈچىنچى ئوغلى) دانىيال خوجىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، قەشقەر، ئاتۇش-لارنى ئاساس قىلغان قەشقەرىيە خوجا ئەھمەتخان «خان»لىقىنى قۇرۇۋالغان. نەتىجىدە قەشقە-رىيىدە بىر مەزگىل ئىككى «خان»، ئىككى «ھاكىمىيەت» ۋە ئىككى «سەپ» توقۇنۇشى پەيدا بولغان. 3-«سەپ»ئېچىپ بىر پۈتۈن قەشقەرىيە«خان»لىقى«قۇرۇش»ھەرىكىتىنى قوزغىغان ئارسلانخانمۇ ھىند-ىستاندىن ياردەم سوراش سەپىرىگە ئاتلىنىپ، ئاخىرى ئۆز ھەمراھلىرى بىلەن پامىر - ھىڭ تېكە ئەتراپلىرىدا قار ئاپىتىگە يولۇقۇپ تۈگىشىپ كەتكەن.

شۇنداق قىلىپ جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقى بىلەن پەيدا بولغان قەشقەرىيە دانىيال خوجا «ھا-كىمىيىتى» ئاخىرى بېرىپ جۇڭغار خانلىقىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالمايدىغان (ھەر يىلى تۆلەپ تۇرۇشقا تېگىشلىك 100 مىڭ سەرلىگەن كۈمۈشلۈك سېلىقنى ۋاقتىدا تۆلەپ تۇرالمايدىغان، 1000

تۆگىلىك ئەتىۋارلىق كىيىم - جابدۇق، بىساتلارنى ھەم ئۇنىڭغا «چاكار چوكان» ①، غۇلچا (غالچا)لارنى قوشۇپ ھەر يىلى ئىلىدىكى قالماق چوڭلىرىغا «سوۋغا» قىلىپ چىقىرىپ تۇرالمايدىغان، ھەتتاكى قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى «خان قالماق» لارنىڭ «ئامانلىقى» نىمۇ قوغدىيالمايدىغان، جۇڭغار خانلىقىغا پايدىسىز «ھاكىمىيەت»كە، دانىيال خوجا بولسا تەدبىرسىز «خان»، ھۆرمەتسىز پىداكارلارغا ئايلىنىپ قالغان.

قەشقەرىيىنىڭ بۇ خىل ۋەزىيىتىنى جۇڭغار خانلىقىنىڭ پايدىسى ھېسابىغا ئۆزگەرتىپ (قەشقەرىيىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقىنى قاتتىق قوللۇق بىلەن قايتىدىن تولۇق تىكلەپ)، ئۇ يەرنى جۇڭغارلارنىڭ «مەڭگۈلۈك زېمىنى» ھەم زاپاس كۈچ - قورغىنى قىلىپ تۇتۇش ئۈچۈن، جۇڭغار خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى باش ھۆكۈمرانى سېۋان رابدان (تولۇق ئىسمى سېۋدىن ئاربىد — ئا) 1716 - يىلى قەشقەرىيىگە چوڭ قوشۇن بىلەن يەنە بىر قېتىم ھەربىي يۈرۈش باشلاپ، قەشقەرىيىنى قايتا بويسۇندۇرۇش، خەلقنى «تووۋا قىلدۇرۇش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغان. يەكەندىن دانىيال خوجىنى، قەشقەردىن ئەھمەتخان خوجىنى ۋە بۇ ئىككى «خان» نىڭ بارلىق ۋەزىر - ئەززەم، ئەل-جامائەت، تۇغقان - يارانلىرىدىن يۈزدىن ئارتۇق كىشىنى ئىلىغا ھەيدەپ كەتكەن ھەم ئۇلارنى ئىلىدا گۆرەدىكى «خان»، گۆرەدىكى «چوڭلار» قىلىپ تۇتۇپ (ئانىسىنى تۇتۇۋېلىپ، بالىلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى قوللىنىلىپ)، قەشقەرىيىدە «ۋەقە چىقماس»لىقىنىڭ دەسمايىسى قىلىۋالغان. بىر پۈتۈن قەشقەرىيىنى بولسا، مەمۇرىي جەھەتتىن ئالتە شەھەر، 13 كىچىك شەھەر ②، 16 ئايماق، 16 مىڭ كەنت (يېزىغا تەڭ مەمۇرىي بىرلىك) كە بۆلۈپ، ئالتە شەھەرنىڭ ھەر بىرىگە ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئىنىلىرىدىن بىردىن قالماقنى «ئېركەخان» (دوتەي - ۋالىي — ئا)، 13 كىچىك شەھەرگە ئۆز پۈشتىلىرىدىن 13 قالماقنى «ئامبۇن» (ئامبال — ئا) قىلىپ تەيىنلەپ، قەشقەرىيىنى سېپى ئۆزىدىن قالماقلار قولى بىلەن تۇتۇشقا، ئىدارە قىلىشقا باشلىغان. مانا بۇ بىزدىكى «ئالتە شەھەر» سۆزىنىڭ تارىختا تۇنجى قېتىم پەيدا بولۇش جەريانىدۇر. 1727 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش (بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش، جىمىقتۇرۇش) كۈرىشى كېلىپ چىقىپ، ئاخىرى جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەختىدە غالدان سېرىن ئولتۇرغان. ئۇ خانلىققا ئولتۇرغان چاغ— قەشقەرىيە ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن («ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار ئارىسىدىكى جەڭگى - جېدەل بەكمۇ ئۇلغايغان ۋە ئەڭ مۇھىمى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ جۇڭغار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئەۋج ئالغان) بىر چاغقا توغرا كەلگەن. بۇ چاغدا يەنە بىر تەرەپتىن جۇڭغارىيىدە (ئاساسەن قۇمۇل، ئۈرۈمچى،

---

① «بورقۇم ئەۋلىيا»دا كۆرسىتىلىشىچە: دانىيال خوجا «خان» لىقى زامانىدا قەشقەرىيە تەۋەسىدە ھۆكۈمران تائىپىلار بىلەن قورچاق ئەمەلدار خوجىلارنىڭ نەزەرىدە «گۇناھ»لىق دەپ قارالغان ياش خوتۇنلار «چاكار چوكان» (چاكار مانجۇچە سۆز بولۇپ، مالاي - خىزمەتچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ)، ياش يىگىتلەر — «غۇلچا» (غالچا) لار دېگەن نام بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، ئىلى تەۋەسىدىكى قالماق ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەقسىز، مۇددەتسىز، ھېچقانداق سوراق - سوئالسىز ئىشلىتىشى ئۈچۈن ئەۋەتىپ بېرىلىپ تۇرغان — ئا.

② «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»تە كۆرسىتىلىشىچە؛ بۇ ئالتە شەھەر: يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچالاردىن؛ 13 كىچىك شەھەر: كېرىيە، قاراقاش، گۇما، قاغىلىق، پەيزاۋات، مارالبېشى، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان، چەرچەن، باي، بۈگۈر، كورلىلاردىن ئىبارەتتۇر — ئا.

www.uyghurkitap.com

چىمەنسار، كۆچۈللە دورى ئەتراپلىرىدا) جۇڭغار خانلىقى بىلەن مانجۇ خانلىقى (غالدان سېرىن قوشۇنلىرى بىلەن چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى) ئۇرۇشى قوزغالغان. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا جۇڭغار خانلىقى قەشقەرىيە خەلقىنى يەنىلا خوجا - ئىشانلارنىڭ قولى (ئۆز يېغى بىلەن ئۆزىنى قورۇش چارىسى) بىلەن تۇتۇش يولىغا ئۆتكەن. دانىيال خوجىنى گۆرەدىكى «خان» لىقتىن چىقىرىپ قەشقەرىيىنىڭ باش «خانى»، «دىنىي داھىسى»، «ئۇلۇغ خوجا» ئېلان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم قەشقەرىيىدە دانىيال خوجا «خانلىقى» نى كۈچەيتكەن. قەشقەرىيىدە چاتاق چىقماسلىققا مەڭگۈ كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە يەنىلا دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى جاھان خوجا (ئەسلى ئىسمى ياقۇپ خوجا — ئا) باشلىق قەشقەرىيىلىك چوڭ خوجا - ئىشانلاردىن 48 كىشىنى «مىرزا قاماق» (نەزەر بەنت) قىلىپ، ئىلىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، قەشقەرىيە خەلقىنىڭ مەڭگۈ «ياۋاش» بولۇشىنىغا «دۇئا - تەكبىر» قىلغۇزۇپ تۇرغان. يەنى چوڭلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، كىچىكلىرىنى غىڭ قىلدۇرماسلىق تاكتىكىسى بىلەن ئىش كۆرۈپ تۇرغان. 1734 - يىلى دانىيال خوجا يەكەندە ئۆز ئۆيىدە تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، جۇڭغار خانلىقى ئىلىدا «مىرزا قاماق» تا ياتقان خوجىلاردىن دانىيال خوجىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى ياقۇپ خوجىنى (جاھان خوجا) «خان»قىلىپ بېكىتكەن. دانىيال خوجىنىڭ ئىنىلىرىدىن يۈسۈپ خوجىنى قەشقەرگە، ئەييۇپ خوجىنى ئاقسۇغا، ئابدۇللا خوجىنى خوتەنگە كىچىك «خان» (ۋالىي — ئا) قىلىپ بەلگىلەپ (ئۆزى بىلەن ئۆزىنى باپلاش تاكتىكىسى قوللىنىپ)، بۇ ھالەتنى تاكى 1745 - يىلى — غالدان سېرىن ئۆلگىچە بولغان يېرىم ئەسىر ۋاقىت داۋام ئەتكۈزگەن.

دانىيال خوجا — تارىختا زالىملىق، جاھالەتپەرەسلىك ۋە دىنىي ئالدامچىلىق بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر سىياسىي شەخسدۇر. دانىيال خوجا ۋە دانىيال خوجىچىلارنىڭ تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا قىلغان ئاسىيلىقلىرى بىلەن دۈشمەنلىك قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1. دانىيال خوجا بىلەن ئۇنىڭ بىر بۆلۈم زالىم شېرىكلىرى قەشقەرىيىدە «ھاكىمىيەت» نى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن پۈتۈن قەشقەرىيىدە، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى باشقا مۇسۇلمانلار رايونلىرىدا «ئىسھاقىيە» سوپىلىقىنى «بىردىنبىر شەكسىز، ئانا قانۇن»، «خانلىق»نىڭ دىنىي دەستۇرى، «مۇسۇلمانچىلىق مىزانى» ھەم «مۇسۇلمانلار ئادەت قىبلىنامىسى» ئېلان قىلىپ، ئۇنى «خان» لىقنىڭ دىنىي، مەمۇرىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي زورلاش كۈچى ۋە «ھاكىمىيەت» بېسىمى بىلەن يولغا قويۇشقا كىرىشكەن. يەنى «ئىسھاقىيە» چىلەر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تەقدىرىنى سوپىلىق تەرىقىتى بېكىمچىلىكى ئىچىدە، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى بولسا، خوجا، ئىشان. سوپىلار «مۇرىتلىقى» ئاسارىتىدە — ياۋاشلىق ئۈلگىلىرى، پەقەت بويسۇنۇشنىلا بىلىدىغان «خۇدايى قول»لار ئورنىدا تۇتۇپ، ئىدارە قىلغان. «خانلىق»نىڭ «خەۋپلىرى»نى «تازىلاپ تۇرۇش»، «جەمئىيەت پاكلىقىنى قوغداش» دېگەندەك ئويدۇرما سەۋەبلەر بىلەن دائىما دېگۈدەك «جىددىت»لەر، «مۇرتەدلەر»، «داستارلار»، «ئاسىي»لار، «ئازغۇن»، «خائىن»، «مۇناپىق»، «دىنىدىن چىققان»، «تۈزكور»، «لەنەتگەردى»، «دۇئايى بەنت» ۋەھاكازا دېگەندەك دەككىلەنگۈچى «دۈشمەن» لەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، كاردىن چىقىرىپ تۇرۇشتىن زادىلا توختىمىغان. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» تە كۆرسىتىلىشىچە، دانىيال خوجا «تەخت»كە چىقىپ، قەشقەرىيىدە «قارا تاغلىق» خوجىلار باش كۆتۈر-

ەن يىللار جەريانىدا دانىيال خوجىچىلار تەرىپىدىن پەقەت قەشقەرىيىدىلا چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىنغان، ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، ھەر خىل ۋەھشىي ئۇسۇللار بىلەن قول - پۇتلىرى، كۆزلىرى، تىللىرى (كېرەكسىز تەن) قىلىپ تاشلانغان، يەڭۋېتىلگەن ئەر - يىگىت «دۈشمەن»، «داستار»لار بىلەن «جىددىت»لەرنىڭ سانى بىر تۈمەندىن جىقراق بولغان. سۈرگۈن، تۇتقۇن ۋە پالاندى قىلىنغان «دۈشمەن جەمەتلىرى»، «چاكار چوكان»، «غۇلچا گەردەنكەش» لەرنىڭ سانىمۇ يىلمۇ-يىل ئۆرلەپ تۇرغان. كورلا، ئاقسۇ، كۇچا، يېڭىسار، قۇمۇل، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى «داستار»لار بىنالىرى، «جىددىت» لەر سورۇنلىرى (ئەمەلىيەتتە بۇرۇن «ئاق تاغلىق» ئىشان، سوپىلار پەيدا قىلغان مەسچىت، تۈنەكخانا، «قەدەم جاي»، «مازار»، زاراتلىقلار، «جىددىت»لەر (يېڭىلىقچىلار)پەيدا قىلغان ياكى باشقۇرغان مەكتەپ، ئىجتىمائىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ھەممىسى)«ھۆددىگەر ھامىلىرى» بىلەن قوشۇپ بۇزۇۋېتىلگەن، يوق قىلىۋېتىلگەن. مەسىلەن: بەزىبىر تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، كورلىنىڭ بوستان دېگەن يېرىدە 1695 — 1696 - يىللىرى ئەتراپىدا «داستارلار» تەرىپىدىن ياسالغان ئاتالمىش «ئاپئاق خوجا مازىرى» 1702 - ۋە 1703 - يىللىرى ئەتراپىدا دانىيال خوجىچىلار تەرىپىدىن چېقىۋېتىلىپ، مازار ھامىلىرى (ئېھتىمال شەيخلار بولسا كېرەك — ئا) دىن بىر قانچە كىشىنىڭ كۆزى ئويۇپ تاشلانغان. قارشىلىق قىلغان ئون نەچچە كورلىلىق مۇتىۋەر «داستار ئۇرتەد» دېگەندەك تۆھمەتلەر بىلەن تۇتۇلۇپ ھەم يەكەنگە پىيادە ھەيدەپ كېتىلىپ، دانىيال خوجا «پايتەختى» نىڭ «كوربەندە» لەر ھەپسىلىرى (زىندانلىرى)دا «كور»لۇق (ھەقىقىي«پىر»نى «تونۇمىغان»لىق) «ئەيىبلىرى» بىلەن «توۋا» قىلدۇرۇلغان ھەم ئاخىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئەلگە ئىبرەت» ھۆكمى بىلەن «چالما-كېسەك» قىلىپ يەرگە كۆمۈۋېتىلگەن.

دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ ياندىماچ شېرىكلىرى ئۈز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋاقىت جەريانىنى ئۇزارتىش، جاھالەت ئۇرۇقى — «ئىسھاقىيە» سوپىلىقىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ يىراقلارغىچە كېڭەيتىش ئۈمىدى بىلەن قۇمۇلغا ئەجدىھا نىياز سوپى باشچىلىقىدىكى «پىر ياران» لار توپى (گۇرۇھى)نى، ئىلىغا راھمان قۇلى، پەرمان قۇلى، ئابدۇرېھىم قاتارلىق «خۇدا قۇلى»، «خەلىپە» (ئىز باسار)لارنى، قازاق، قىپچاق دالىلىرىغا مەكتىلىك توختار خوجا، ئابدۇللا بەگ ئىشان باشلىق «خۇدايى ھىجرەتچى» پىدائىيلارنى، تۇرپان — ئەسھابىلىرىم تەۋەسىگە ئۇرۇش زەخمىدارى — رەھمىتۇللا توكۇر ئىشانىنى ئەۋەتىپ ياكى تەيىنلەپ تۇرغۇزۇپ، قۇمۇلدا قارا ئۆتۈك، ئاستانە، ئىلىدا قاش، قاينۇق، تۇرپاندا قاراغوجا، قازاق، قىرغىز دالىلىرىدا «خۇدايى جولى» سۈلۈك مەركەزلىرىنى پەيدا قىلىشىپ يۇقىرىدىقى جايلاردىمۇ «ئىسھاقىيە سوپىلىقى يولى»نى كېڭەيتىشكەن، سوپىلىق «تەرتىپلىرى» نى تۇرغۇزۇشقان. «ئاق تاغلىق داستارلار»، «جىددىت» لەر، «ئاسىي» لار، «دىنىدىن چىققان» لارنىڭ «ئەدەپى»نى بېرىشنى قانات يايدۇرغان.

2. دانىيال خوجا ۋە ئۇنىڭ «ئەك ئالىي ئۆلىما»لىرىنىڭ بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئۆز ئۆۋۋىتىدە تارقاتقان، جارى قىلدۇرغان «دىنىي ئۇقتىشىنەزەرلىرى»، «تەلىم»، «پىرنىسىپ» لىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىسلامىيەت چۈشەنچىلىرى (قۇرئان ۋە قۇرئان تەپسىرى)گە زىد، ھەتتا پۈتۈنلەي قارشى، يامان غەرەز، ئالدامچىلىق مەنبە قىلىنغان ئويدۇرمىلاردۇر. مەسىلەن: خوجىلار زامانىدا ئۆزىنى دانىيال خوجا «ئالىي ئۆلىما»سى — رىيازەتكار، يېتىشكەن سوپى، پىرى دانىيالنىڭ تىلى، ۋەكىلى، دوستى ھېسابلىغان يەكەن كاچۇڭلۇق خوجا جەڭگىرخان (جەڭگىرخان خوجا) تەرىپىدىن 1891 - يىلى يەكەندە يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەربىيەتنامە»دە دانىيال خوجا توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇلۇغ پىر ھەزرىتى دانىيال ۋەلىيگە، خوجا ئىسھاقى ۋەلىيۇللا نەسەبلىرىگە

قول بەرمەي (مۇرىت بولماي) ئۆلگەن ھەرقانداق ئەھلى ئۇممەت دوزىختىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلى، ۋەكىلى بولغان بۇ «زات»لارغا بەيئەت قىلمىغان (بويسۇنمىغان ياكى بويۇن تاۋلىق قىلغان) ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىككىلا ئالەملىكى قارادۇر. پىرلەر — مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنى «جەننەت»، «دوزاق»قا «ئايرىغۇچى»لاردۇر. پىرلەر «كەلىمەھۇللا» يەنى ئاللاھ بىلەن «سۆزلەشكۈچى»لەردۇر. پىرلەر ئاللاھنىڭ تىلى، ئۆزى ۋە جامالىدۇر. پىرلەر قىيامەت كۈنى بەندىلەرنى سوراق - سوئال قىلغۇچىلاردۇر... ئىنسان بەخت (جەننەت) كە ئېرىشىش ئۈچۈن پىرى دانىيالغا، پىرى ئىسھاقىيەلەرگە قول بېرىش شەرتتۇر... مۆمىنلەر پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھارام دۇنيا، ئازغۇن ئالەم ۋەسۋەسىلىرىدىن خالى تۇتۇپ، پۈتۈن مېھرىنى پىرى — ئۇلۇغلار ئىختىيارلىرىغا ئاتاشلىرى، ئۇلارنىڭ مۇبارەك «تەلىم»لىرىدىن ئايرىلماسلىقلىرى ۋاجىبدۇر...»

بۇ رىياكار سوپى ئاپتورنىڭ دانىيال ۋە دانىيال خوجىنى مەركەز قىلغان «ئىسھاقىيە»چى «پىر»لارغا بەرگەن تەرىپ - تەسۋىرى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ تەلىمى بىلەن پۈتۈنلەي زىتتۇر. يەنى: «بارچە مەدھىيە ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھنى مەدھىيىلەيمىز، ئاللاھتىن مەدەت تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرغان ئادەمنى ھىدايەت قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا گۇۋاھلىق بېرىدەنكى: يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۇھەممەت ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر...» («مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 443 - بەت) دېگەن تەلىمى بىلەن پۈتۈنلەي زىتتۇر. بۇ خىل «تەربىيەتنامە»نىڭ ئاپتورلىرى بىلەن دانىيال خوجىچىلارنىڭ يېتەكچىلىرى ئەمەلىيەتتە مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» چۈشەنچىسىگە، ئىسلام يولى، ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپەن يول تۇتقان، يەنى تارىختا ئىسلام دىنىنى ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا خالىغانچە خاتا بۇرمىلاپ پايدىلانغان، ھەتتا دىننى زالىملارنىڭ، ئانتى ئىسلام (ئىسلامغا قارشى) كۈچلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرىش، چېپىش، بۇلاش، ئېزىش، خورلاش، ۋەتىنىدىن ئايرىپ تاشلاشتەك تارىخىي جىنايەتلىرى ئۈچۈن يوپۇق — «قىسمەت»، «تەقدىر»، «پەتىۋاسى» سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان قورالىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگەن ۋە تارىختا خەلقىمىزنىڭ، شىنجاڭنىڭ تەقدىرىنى بۇزغان ئاسىيلار تۈركۈمىگە تەۋە لەنەتكار «زات»لاردۇر. ئۇلارغا «ئەگەشكەن»، «ئېتىقاد قىلغان»، «مۇرىت»، «ياران» بولغان بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز بولسا، پەقەت تارىختا ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن مەنبەسىز ئېتىقادچىلار ياكى جاھالەتنى، نادانلىقنى ئېتىقاد مەنبەسى قىلغان، «خۇدايى قول»چىلىققا ئادەتلەنگەن، گۆدەكلەرچە ئىشىنىۋېرىشكە ئۆگىتىلگەن جاھالەت قۇربانلىرىدۇر. بۇ — تارىخىمىزنىڭ سەلبىي تەرىپىدۇر.

## بۇرھانىدىن خوجا ھەققىدە

خۇدادىن كەلسە كەلسۇن،
خوجىلاردىن كەلمىسۇن.
(ئۇيغۇر خەلق تەمسىللىرىدىن)

18-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ جۇملىدىن قەشقەردىكى خەلقىنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىشلىرى تارىخىدا ئۇنتۇلغۇسىز سەلبىي قىلمىشلىرى بىلەن نام قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىي ئىشانلاردىن بىرى — ئاپئاق خوجىنىڭ پەرنەۋرىسى، ئاپئاق خوجا مۇرىتلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى «پىر»، «ئۇستاز»لىرىدىن بىرى، تارىخىي خائىن بۇرھانىدىن خوجىدۇر.

«تەزكىرەئى پىر ياران»دا كۆرسىتىلىشىچە، بۇرھانىدىن خوجا مىلادى 1711 - يىلى قەشقەردە

ئاپئاق خوجىنىڭ نەۋرىسى (خوجا يەھيانىڭ ئوغلى) خوجا ئەھمەت ئىشان (ئاپئاق خوجا سوپىلىرى بۇ شىنى كېيىنكى چاغلارغىچە «ئاليي خوجام»، «پادىشاھ خوجام»، «ئۇلۇغ خوجام» دېگەن ناملار بىلەن ئاتاپ، قەدىرلەپ كەلگەن — ئا) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1761 - يىلى ئەتىيازدا 50 يېشىدا، ئۆزى خىزمىتىدە بولغان مانجۇ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قانخور قوماندانى جاۋخۇي تەرىپىدىن كورلىدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشى بېيجىڭغا — چيەنلۇڭ خان ھوزۇرىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن. پەرزەنت، تۇغقانلىرىدىن ئون نەچچە كىشى بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلىپ نەزەر بەنتتە تۇتۇلغان.

بۇرھانىددىن خوجا ھەققىدىكى بەزى ساختا، ئويدۇرما تەرىپلەر توغرىسىدا

«داستارىيە» سوپىلىرىنىڭ تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم مۇئەللىپلىرى ئۆز زامانلىرىدا ئاپئاق خوجا بىلەن بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئۇلارنىڭ بەزىبىر «كارامەت»لىك «ئەۋلىيا» شېرىكلىرى توغرىسىدا بىزنىڭ بىر قىسىم ئازغۇن، گول ئەجدادلىرىمىزغا دەستۇر قىلىپ، ئاجايىپ - غارايىپ ساختىبا ئويدۇرما تەرىپلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشۇپ ئالەمدىن كېتىشكەن ئىكەنلەر. مەسىلەن: «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازما خاتىرىنىڭ «خوجا بۇرھانىددىن شاھ» دېگەن قىسمىدا، شاھ نەزەر خاراباتى ئىسىملىك بىر مۇئەللىپنىڭ بۇرھانىددىن خوجا ھەققىدىكى تەرىپى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «... بۇرھانىددىن باھادىر شاھ خوجام ھەزرىتى خوجام رەسۇلۇللا (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام)نىڭ نەسلى - نەسەبلىرىدىندۇر. ئەھلىي مۇسۇلمانلارنىڭ پىر - ئۇستازىدۇر. پاك، بىغۇبار ۋەلىيسىدۇر (يەرلىك ئەۋلىياسىدۇر — ئا) ۋە جەننەتكە ئايرىغۇچىدۇر ... بىرەر مۇسۇلمان پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئەقىدىلىرىنى ئادا قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر بۇ ئۇلۇغ زاتقا ئەگەشمىسە، ئەشەنمىسە، شەك كەلتۈرسە گۇناھكار بولغاي. پىرسىز يۈرگۈچىلەر — دىنىدىن ئېزىپ يۈرگەنلەردۇر ... بۇ زات — غازاتىل ئىسلام يولىدا (ئىسلام ئىچىش ئورۇشلىرىدا — ئا) يا ئۆلۈش، يا ئۆلتۈرۈش يولىدىن يانمايدىغان كۈچتۈڭگۈر زاتتۇر...»

«ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى توغرىسىدا» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر كونا پارسچە سوپىلىق رىۋايەتلىرى توپلىمىدا بۇرھانىددىن خوجىنىڭ ئەينى زامانلاردا ئۆز مۇرىت - جامائىتىگە بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋەز - نەسىھەتلىرىنىڭ بىر قىسمى مۇنداق خاتىرىلەنگەن:

«پىرلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەن،قارغىش ئالغان، پىرىنى ئۇنتۇغان، پىرسىز يۈرگەن كىشىلەر ناپاكلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەر خىل تۈركۈملىرى بەرھەق دوزاقتا مەھكۇمدۇر ... يەنى ھاياتلىق ئۆمرىدە خۇدايى قۇلچىلىقنى نىسابىگە يەتكۈزەلمىگەنلەر (تولۇق قىلالمىغانلار — ئا) دىنسىزلار، ھايات ۋاقتىدا مەزلۇملارغا زوراۋانلىق قىلغانلار، دىنغا، ۋەتىنىگە، ئىگىسىگە ئاسىيلىق قىلغانلار، نەسلىنى ساتقانلار، گۇناھىنى يۇيالمىغانلار، جىنسىي گۇناھ قىلغانلار، رەھىمسىز جازانىخورلار، ئوغرىلار، خىيانەتچىلەر، ئەيشى - ئىشرەتچىلەر، زالىم ئەمەلدارلار، لۈكچەكلەر، قەھرى غەزەپلىكلەر، خۇنخورلار، تۈزكورلار، تۆھمەتخور، پىتنە ۋە ناھەق غەۋغا قىلغانلار، ئادالەتسىز، ئىنسابسىز، ھاياسىزلار قاتارىدىكى بىتەھقىق دوزاخىلەردۇر ...»، «... بىز ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىمىز، ئىسلامنىڭ ئۆرنەكىمىز، مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانچىلىقتا بىزنى ئۈلگە تۇتىدۇ، بىزنى ئەگىشىشى، بىزدىن نەمۇنە ئورنىدا بىلىم - تەلىم ئېلىشى قەرز ۋە پەرزدۇر ...»

پاھ، بۇ ئېيتىدىغان ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك ۋە ئېيتىدىغان سىرلىق، خاسىيەتلىك نۇقتىئىنەزەر - ھە! تارىختا پاك دىل مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا، يۇرتىمىزغا ۋە تەقدىرىمىزگە تۈگىمەس - پۈتمەس ئازاب - ئوقۇبەت، خار - زارلىق، قاراڭغۇلۇق، ئىسلامغا نۇقسان، ھاقارەت، ئەلگە دەرد - ئەلەم، جاھالەت قۇللۇقىدىن باشقا ھېچقانداق تۆھپىسى بولمىغان، ئىسلام دىن ئاساسىيسى، تارىخىي

خائىن، خۇنخور بىر ئىنساننى بۇ خىل پەردازلاش، بوياپ كۆرسىتىش، ئىسلام دىن ئېتىقاد ئۇقۇمىدىن ئالغاندا، ياراتقان ئاللاھقا شەك كەلتۈرۈش — خۇدادىن خۇدالىق، پەيغەمبىردىن پەيغەمبەرلىك تالاشقۇچى ئەھلىي دوزىخلەرگە ياندىشىش دېگەنلىكتۇر. قارا يۈزلۈك، خۇشامەتنى ئېتىقاد مەنبەسى قىلغانلىقتۇر. ئاللاھ بۇ خىل يامان مۇئەللىپلەرنىڭ ھەم ئۇلۇغلىرىنىڭ («بېھىشكە بېلەت، دوزاخقا دوزاخ خېتى كېسىمىز» دېگۈچى ناپىسەنت «ناتىق» دېن ساختىپەزلىرى ھەم ئالدامچى مەلئۇنلارنىڭ — ئا) ياتقان جايىنى تاقىيامەتكىچە دوزاخنىڭ تۆردە، ئەلنەم بوسۇغىسىدا، تۇرقىنى دەل شۇلار ئۆزىنىڭ قولىدىكى قەلەملىرىدەك دائىم بېشىنى تۆۋەن، يۈزىنى قارىلىق ئىسكەتىدە ساقلىغاي. («... مۇئەللىپ خائىن بولسا، خائىننىڭ مۇئەللىپىدۇر...» «تەزكىرىي ياران»دىن)

بىز تارىختىكى بۇرھانىدىن خوجا مۇئەللىپلىرىنىڭ ھازىرقى زامان رەقىبلىرى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ يۇقىرىدىقى تەرىپلىرىگە ئۆزىمىزنىڭ مۇنۇ زىد، توغرا تەرىپىمىزنى ھەم قوشۇپ قويۇشنى راۋا كۆردىمىز: ئاپپاق خوجا ھەم بۇرھانىدىن خوجا قاتارلىق «زات»لارنى ھېلىھەم سېغىنىپ، «دېۋلى»دا مېڭىپ، ئالدىنىپ ئۆتۈۋاتقان بەزىبىر مۆھتەرەم يارانلىرىمىزنىڭ بۇ تەرىپىمىزنىمۇ ئوقۇپ، ئويلاپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

بىزنىڭ تەرىپىمىز: تارىختا ئۆتكەن بۇرھانىدىن خوجا ۋە ئاپپاق خوجا ۋە ئۇلارنىڭ سېتىلما، زالىم، قانخور شېرىكلىرى بىزدىكى ئۆمۈرلىرىدە زۇلۇمنى كەسپىي ئادەت قىلىپ، بۇزغۇنچىلىقنى دوست تۇتۇپ، ئالەمدىن ئۆتكەن لەنەتگەردى — ھايات رەقىبلىرىدۇر. ئۇلار خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» دېگەن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن نائەھلىي زالىملار تەركىبىگە مەنسۇپ قارا نىيەت «مۇسۇلمان»لاردۇر. بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە يوشۇرۇنغان. خەلق پەرىشان بولسا، ئۇلار شۇنچە خۇشال، خاتىرجەم بولغان. ئۇلارنىڭ دەستىدىن ئاۋات جايلار ۋەيرانىغا ئايلانغان. كەپتەرنىڭ كۆۋدىكى ھوقۇشنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مەسچىتنىڭ پەشتىقى قويۇلغان، بېشىغا مېھرابنىڭ ئەگمىسى كىيدۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا تولا چاغلىرىدا قان تۆكۈشنى بىرىنچى ساناپ تۇرغان. شۇڭا ئۇلار بار يەردە جېنى بارلىكى ئىنسان ئۆلۈمدىن دەككە - دۈككىدە ياشىغان. ئاما ياقتۇرغان نەرسە، ئۇلارغا ياردىماس نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەن. ئۇلارغا كۆپ خىزمەت قىلغان، ساداقەتمەن بولغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىرەر قېتىملىق يېڭىلىش بىلەنلا تۆگىشىپ كەتكەن. ئاز - پاز سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنىڭ ھەممە نەتىجە، تۆھپىلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تولۇق يوققا چىقىرىلىپ، بىرتىيىنگە ئەرزىمەس نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ چاغلىرىدا ئابى ھايات (ھاياتلىق سۈيى)نى زەھەر دېسە، راست دېمىگەن كىشى گۇناھكار، قۇياشنىڭ نۇرىنى قاراڭغۇ دېسە، راست دېمىگەن كىشى ئەيىبكار بولۇپ تۇرغان. ئۇلارغا پايدىلىق ئىشلار بولسا، ھەر بىر تامچىسى بىر دەريادەك ھۆرمەتلەنگەن. بىرەر زەررىچىسىمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاق قولىدەك قىممەتلىك ھېسابلانغان. خالايىقنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن مال - مۈلكى بىر تىيىنگە ئەرزىمەس نەرسە دەپ قارالغان. ئەزىز جېنىنى خەلققە، ۋەتەنگە پىدا قىلغان كىشى بىر چۈمۈلىچە ئېتىبار كۆرمىگەن. راست سۆزلىگەن كىشىنىڭ جېنى خەتەرلىك، ياخشىلىققا، ئادالەتكە باشلىغان ئادەمگە ئۆلۈم خەۋپى كېلىپ تۇرغان. ھەققەت ناھەقچىلىك دەپ قارالغان. ئەقىللىقلار نادان ھېسابلانغان. زالىملار خەلققە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئۆز ئۆچمەنلىكىنى كۆڭۈللىرىنىڭ بىر خەزىنىسى، خۇشاللىقى دەپ بىلىشكەن. ئادەم ئۆلتۈرۈشكە جانلىرىنى پىدا قىلىشقان. ئەلنىڭ جان ۋە مېلىنى ئوۋلاش ئۇلارنىڭ ھوزۇرى ۋە

www.uyghurkitap.com

مۇرادى دەپ بىلىشكەنلەردۇر. بىز بۇ تەرىپاتىمىزنى تۆۋەندىكى تارىخىي پاكىتلىرىمىز بىلەن ئاساسلاپ ئۆتىمىز:

### 1. بۇرھانىددىن خوجىنىڭ سىياسىي تارىخىي توغرىسىدا

مىلادى 1739 - يىلى جۇڭغارىيە (ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ) نىڭ بەزى جايلىرىدا جۇڭغار خانلىقى بىلەن مانجۇ خانلىقى قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا جۇڭغار دىيىنى يەنى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، پۈتۈن شىنجاڭنى تالىشىپ قاتتىق ئۇرۇشلار باشلىنىپ، جۇڭغار خانى سويۇن رابدان بەزى جايلارنى مانجۇلارغا تارتتۇرۇپ قويىدۇ. بارا - بارا ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. قەشقەر دىيىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقنى تازا قاتتىق يۈرگۈزەلمەيدىغان پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. 1750 - يىللىرىغىچە بولغان ئون نەچچە يىل ئارىلىقىدا دانىيال خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىر نەچچىسى دانىيال خوجىنىڭ ئوغلى ياقۇپ غوجا (جاھان غوجا) باشچىلىقىغا بىرىكىپ قەشقەر دىيىدە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىنى تۈگىتىپ، مىللىي خانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرىدۇ. 1752 - يىلى جۇڭغارلار ئارىسىدا ھوقۇق تالىشىش تۈپەيلىدىن ئىككى چوڭ گۇرۇھ يەنى موڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت قەبىلىسىدىن داۋاچ گۇرۇھى، چوراس قەبىلىسىدىن ئامورسانا گۇرۇھى پەيدا بولۇپ، داۋاچتىن يېڭىلىپ قاچقان ئامورسانا مانجۇ پادىشاھلىقى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن داۋاچنى يوقىتىدۇ. مانجۇ قوماندانى جاۋخۇي 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن جۇڭغار دىيىنى تولۇق ئىگىلەپ، ئامورسانانى جۇڭغار دىيىگە قورچاق «خان» قىلىپ تىكلەيدۇ. مانجۇلار ئامورسانانىڭ ماسلىشىشى؛ كۈچ چىقىرىشى بىلەن قەشقەر دىيىنى ئىشغال قىلىش پەيتىگە چۈشىدۇ. جاھان خوجا قەشقەر دىيىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، گېزى كەلگەندە جۇڭغارلارنىڭ بارلىق تەسىرىنى قەشقەر دىيىدىن تولۇق تازىلاپ چىقىرىش، سەئىدىيە خانلىقى زېمىنىنىڭ ئەسلى پۈتۈنلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قوماندان جاۋخۇي ئامورسانانىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئالغان بىر قىسىم «ئاق تاغلىق» خوجىلاردىن قەشقەر دىيىنى «قارا تاغلىق» خوجىلاردىن تارتىۋېلىشنىڭ مەسلىھىتىنى سورايدۇ. «... جاۋخۇي جاڭجۈن قەشقەر دىيىگە ئەسكەر ماڭدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈۋاتقاندا، ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا جۇڭغارلار ئاقسۇدا ‹ۋالىي› قىلىپ ئىشلەتكەن ئابدۇۋاھاپ خوجا، ئۇچتۇرپانغا ‹ھاكىم› قىلىپ ئىشلەتكەن خوجىس خوجىلار مەسلىھەت كۆرسىتىپ: بىر ئىش بار، ئۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلەرنى ئالماق ئاساندۇر؛ ئىلىدا خوجا ئەھمەتنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردىكى، ھەممىلىرىنىڭ پېشىۋالىرىدۇر. ئەلەپپوسوس (ئالاھەزەل دېمەكچى — ئا) قەشقەر دىيە خەلقىنىڭ خوجىلىرىدۇر. ئەگەر چىن لەشكەرلىرى بىرلە ياكى قالماق لەشكەرلىرى بۇ ئىككى خوجىدىن بىرىلا قېتىلىپ لەشكەر بېشى بولۇپ بارسا، ئۇلار تەرەپلەردە ئىلى ئىچرە تۇرغان خوجىلار خان بولدى دەپ شۆھرەت بېرىلسە، سۆز تارقىتىلسا تامام ئاق داستارلار (ئاپپاق خوجىچى «ئاق تاغلىق» لار — ئا) بىجەك (جەڭ قىلماي — ئا)، بىجىدەل (جېدەل چىقارماي — ئا) بۇلارنىڭ ئىتائەتلىرىگە كىرەرلەر. شەھەرلەر (قەشقەر دىيەدىكى شەھەرلەر — ئا) مۇسەخخەر بولغاندىن كېيىن (ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن — ئا) بۇ خوجىلارنىڭ تۇرار - تۇرماسلىقىنى خان تۆرەم بىلۇرلەر ... دېدىلەر» («تارىخىي نادىرىيە» دىن). جاۋخۇي مۇشۇ مەسلىھەتكە بىنائەن ئىلىدا ئامورسانا ئادەملىرى قولىدا گۆرە ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بۇرھانىددىن خوجىنى گۆرەدىن «ئازاد» قىلىپ، ئىلى تەرەپلەردىن قەشقەر دىيىنى

بىرسىپ ئېلىشقا ئەۋەتىدىغان مانجۇ - موڭغۇل (جاۋخۇي، ئامورسانا) قىسىملىرىنىڭ «سەردارى» يەرلىك «قوماندانى» قىلىپ تەيىنلەيدۇ. دانىيال خوجا ھاكىمىيەت تۇتقان چاغلاردا قەشقەر، قاغىلىق، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، سايرام (باي)، مەكىت قاتارلىق جايلاردىن قېچىپ ئىلى - جۇڭغار خانلىقى پاناھلىقىغا كېلىۋالغان 90 «ئاق تاغلىق» خوجا، بەگلەرنىمۇ بۇرھانىدىن خوجا بايرىقى ئاستىغا جەم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ خوجا، بەگلەر مانجۇ قىسىملىرى تەرىپىدىن كەلگۈسىدە تۆھپىسىگە قاراپ بېرىلمەكچى بولغان قەشقەر دىيە يۇرتلىرىنىڭ ئەمەل، مەنپەئەتلىرى تەماسى بىلەن بەنت بولۇشۇپ، مانجۇلاردىن ھېچقانداق نەرسىنى يوشۇرمايدىغان، ئەستايىدىل خىزمەت كۆرسىتىدىغان ساداقەتمەنلەردىن بولۇپ كېتىشكە ئالدىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1754 - يىلى كۈزدە بۇرھانىدىن خوجا باشلاپ كېلىۋاتقان مانجۇ قوشۇنلىرى ئۇش (ئۇچتۇرپان)غا ھۇجۇم قىلىدۇ. جاھان خوجا ئۆز قىسىملىرى بىلەن ئۇچتۇرپان شەھىرىگە بېكىنىپ ئېلىپ، ئۇلارنى شەھەرگە زادىلا يولاتمايدۇ ھەم خوجا بۇرھانىدىنگە خەت چىقىرىپ، ئۇنىڭ مانجۇلاردىن قول ئۈزۈپ قەشقەرىيىگە، ئۆز يېنىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

«... بىزلەر بولساق، ئەۋلادى پەيغەمبەردۇرمىز. بىزلەرگە ئەھلىي كۇپارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكمەك جايىز ئەمەستۇر. باباڭىز ھەزرىتى ئاپپاقمۇ دۇنيادىن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ ئۆتتى. بۇ يۇرتقا قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈپ، مۇسۇلمانلارغا ھېچبىر كاپىر سالمىغان زۇلۇملارنى سالدى. ئاقىۋەت خۇدانىڭ قەھرى غەزىپىگە دۇچار بولۇپ دۇنيادىن كەتتى. تا ھازىرغىچە خەلق نەپرەت قىلماقتا. ھازىر سىز ھەم باباڭىزنىڭ ماڭغان يولىغا مىراسخور بولۇپ ماڭىدىڭىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى باشلاپ كەلدىڭىز، ئالەم خەلقىدىن ئۇيالمىدىڭىز. خۇدادىن قورقمىدىڭىز. ھېلىھەم بولسا، پۇرسەت باردۇر. كاپىرلاردىن يۈز ئۆرۈپ قايتىپ كەلسىڭىز، بىز ئاكا، سىز ئۇكا. ئەگەر مۇشۇ سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسىڭىز مانا تەخت - سەلتەنەت. بىز تەخت - سەلتەنەتنى سىزگە تاپشۇرۇپ، سىزگە مۇبارەك بادلىق قىلۇرمىز. بىز بىر بۇلۇڭدا جانابى ھەقنىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە رازىمىز. مېنىڭ يېشىم 70 تىن ئاشتى. ئەگەر شەيتاننىڭ ئوقتىسىدىن ئاجرىماي شەققىلىق بىلەن تۇرسىڭىز، ئۇرۇشىمەن دېسىڭىز، بۇمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارىدۇر، بىزمۇ تەييار. ئەر كىشىنى ئاللاھ تائالا جەڭ ئۈچۈن ياراتقان...» (بۇ خەت قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»دىن كۆچۈرۈلدى).

بۇرھانىدىن خوجا جاھان خوجىنىڭ بۇ خېتىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ: جاھان خوجىنى ھەم ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى قوي بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلايدىغانلىقىنى، قىلچە رەھىم قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ ۋە بۇ خەتكە جاۋابەن مۇنۇ خەتنى يازىدۇ:

«... بۇ ياركەند ئىسھاقىيلىرى خىيالى خام بىرلەن بۇ يەرگە تەشرىپ ئەيلەپتۇرلەر، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىداتىنى بىلمەيدۇرلەر. ئامورسانا تۆرە خاقانى چىن قېشىغا بېرىپ خىتايدىن (مانجۇ خانلىقىدىن دېمەكچى — ئا) لەشكەر كەلتۈرۈپ ئىلى ئۇززە تۆرە بولۇپ تەخت - سەلتەنەتتە ئولتۇردىلەر. دابىچىنى تۇتۇپ سالائەغلال بىرلەن نەزەر بەنت ئېتىپ، خاقانى چىنغا ئىبەردىلەر. ئىلە ئىچرە جابەجا (تەقمۇ-تەق، جاي - جايىدا، دەخلىسىز، خاتىرجەم دېمەكچى — ئا) بولۇپ نىزام تاپتىلەر. بۇرۇنقى ئالتە ئايلىقچىلىك كەڭ قالماقلار يۇرتى ھەممىسى سەرەمجان تېپىپ بەرقارار بولدى (مانجۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تىنجىتىلدى دېمەكچى — ئا). خىتاي لەشكەرلىرى مۇ-

ھەيياردۇر (تەگداشسىز غالىبتۇر دېمەكچى — ئا). خاقانى چىن باشلىغان ئامورسانا ئۇ يۇرتلارنىڭ ەخت - سەلتەنەتىنى (قەشقەر دىيارىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى دېمەكچى — ئا) ۋە خوجىلىقىنى بىز- ەرگە ئىلتىپات ئەيلىدى. ئىسھاقىيە خوجىلىرىنى بۇ يۇرتلاردىن پاراكەندە ئەيلەپ، ئەدەپلەپ، ئەلى ۋۇزرە چىقىرۇر بولدىلەر ... ئەيدى سىلەر خاقانى چىنغا ئامورسانا يارلىقى بىرلەن بۇ يۇرتلارنى قويۇپ بېرىپ (بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تەسلىم بولۇپ دېمەكچى — ئا) ئىلىغا چىقىپ ئامبال، جېسەكلەردىن (ھۆكۈم چىقارغۇچى، ھوقۇقدار ھەربىيلەردىن دېمەكچى — ئا) ئۆلۈم گۇناھلىرىنى تىلىسۇن. يوق ئېرسە ھالا بىزنىڭ دان جىن جېسەك بىر مىڭ قالماق لەشكىرى بىرلەن كەلدى. تۇرۇمتاي داردىن تۆت يۈز خىتاي لەشكىرى بىرلەن ئەلچى ئورنىدا كەلدى. بەش مىڭ تاغلىق چېرىك كەلدى. يەنە تۆت مىڭ قالماق لەشكىرى ئاقسۇغا ئاتلاندى. خاقانى چىن ئامورساناننىڭ يارلىقى بىرلەن بۇ لەشكەرلەرنى جەم ئەيلەپ، بۇ خوجىلارنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكىلىرىگىچە قويدەك بوغۇزلاپ قەتلە ئەيلەمىزدۇر. بۇ سۆزدە خىلابلىق قىلساق (بۇ سۆزدە تۇرمىساق دېمەكچى — ئا) خاقانى چىن ئامورسانانىڭ قولىدا غەزەپكە قالغۇمىزدۇر...» («تارىخي نادىرىيە»دىن).

(بۇ خەتنىڭ مۇئەللىپى يەنى بۇرھانىددىن خوجىنىڭ مىرزىسى بۇ خېتىدە شۇ ۋاقىتتىدا جۇڭغار دىيىنى بېسىپ ئالغان مانجۇ قوماندانى جاۋخۇيىنى «خاقانى چىن»، جۇڭغار دىيىدە مانجۇلار قولىدىكى ھاكىمىيەتنى «ئامورسانا» دەپ ئاتىغان ۋە شۇنداق تەرىپلىگەن — ئا).

بۇرھانىددىن خوجا بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتا جاھان خوجىنىڭ ئەلچىلىرىدىن توختى ئىشان، نىياز بەگ ئىشان، بەھرەم بەگ ئىشانلارنى ئەمەل ۋەدىسى بىلەن سېتىۋېلىپ، قورغاننى ئىچىدىن پارچىلاشقا چارە ئىزدەيدۇ. «تارىخي نادىرىيە»دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: «... ئەگەر سىزلەرنىڭ دالالىتىڭىزلار بىرلەن ئول تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىدىن خادى قىرغىز، خاھى يەرلىك (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى — ئا) بىزنىڭ لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ يار بەرسىلەر (ياردەملەشسە دېمەكچى — ئا) خانغا، تۆردىگە خەت سۇنۇپ تامام ئەلنى سىلەرگە نايىشۇرايلى. بالىدىن بالىغا قالغۇدەك مەنسەپ بېرىپ بەگ قىلايلى ...» دېمەك، بۇ قېتىمقى ئەلچىلىك ئۇچرىشىشىدا جاھان خوجىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشان ئەلچى خوجا بۇرھانىددىنگە نېسى ئەمەل ئۈچۈن سېتىلىپ خائىنلىق قىلمىشى بىلەن قايتىپ كېلىشىدۇ. بۇنى جاھان خوجا بىلمەيدۇ. ئاخىرى مەشھۇر ئۇچتۇرپان ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. يۇقىرىدىكى ئۈچ ئىشاننىڭ خائىنلىقى بىلەن جاھان خوجا قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قەشقەر تەرەپكە سۈرۈلىدۇ. خوجا بۇرھانىددىن باشلىغان مانجۇ قوشۇنلىرى ئاقسۇنى، كېيىنرەك قەشقەرنى ئىشغال قىلىدۇ. جاھان خوجا يەكەندىن كۈچ توپلاپ، جۇڭغارلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان مۇھىم پەيتتە، قەشقەردە «ئاق تاغلىق» خوجىلار خوجا جاھانغا قارشى چىقىپ، يەنىلا خوجا بۇرھانىددىننىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىدۇ. لېكىن جاھان خوجىمۇ بۇرھانىددىن خوجا باشلىغان مانجۇ قىسىملىرى بىلەن ئەڭ ئاداقىغىچە ئېلىشىدۇ. يەكەن شەھىرى مانجۇ قىسىملىرى تەرىپىدىن قامال قىلىنىپ ئاھالىلەر ئاچارچىلىق، تۇرمۇش خارابچىلىقى كۆلىپىتىگە دۇچار بولغان ئېغىر ئەھۋال ئاستىدىلا جاھان خوجا 500 كىشىلىك بىر ئەترەت بىلەن قامالنى بۆسۈپ چىقىپ كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىتىدە يەكەندىن قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى قوشراپ، چوپان رايونلىرىغا چېكىنىدۇ. مانجۇ قىسىملىرى قاتتىق قىرغىنچىلىق يولى بىلەن يەكەن شەھىرىنى بېسىپ ئالىدۇ. بۇرھانىددىن خوجا جاھان خوجىنى قوغلاپ تۇتۇش، جازالاش ۋە ئىسھاقىيىچى «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئۆزى بىۋاسىتە زىممىسىگە ئالىدۇ. 2000 كىشىلىك تاللانغان ئاتلىق قوشۇننى ئارقىسىغا سېلىپ، جاھان خوجىنى قوغلاپ يولغا چىقىدۇ. بۇ قېتىمقى قېچىش، قوغلاش ۋەقەسى توغرىسىدا «تارىخي نادىرىيە»دە مۇنداق دېيىلگەن: «... جاھان خوجىنى قوغلاپ ماڭغانلار سۈبھى تاڭ مەھەلى بىلەن قاچقانلارغا يېتىشىپ

ئالدۇ ... ئەمما مۇھەببى خاندانلار (ھىمايىسىز زاتلار — ئا) سوغۇقتا توڭۇپ بەزىسى سۇغا غەرق بولۇپ، بەزىلىرى بالىلىرى بىلەن بولۇپ، بەزىلىرى قولىدا بالىسى بار ئەھلىي خانىشى بىرلەن ئاتقا مىنگەشكەن پېتىدە ۋە بەزىلىرى ئۇششۇ تەرىقىلىق ھالەتتە دۈشمەنلەرنىڭ تۆت تەرەپتىن قورشاپ ئېلىشىغا دۇچار بولۇشتىلەر...». بۇرھانىددىن خوجا قىسىملىرى قورشاپ ئالغاندا جاھان خوجىنىڭ خوتۇنى شەربىيە ئاغىچا شۇ قورشاۋ ئىچىدە تەۋەللۇت قىلىدۇ (تۇغىدۇ). زەرەپشان دەر-ياسىنىڭ چالا، نېپىز مۇز تۇتقان ئېقىنىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن بولمىغان پەۋقۇلئاددە بىسەپ مۇھىت ئىچىدە جاھان خوجا: «قازايى ئاسمانغا چارە ئىزدىمەك ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر، سىز-لەر قازايى مۇئەللەقتىن سېز قىلۇرسىزلەر، ئۇنىڭدىن قاچماق راۋادۇر. ئەمما قازايى مۇتلەقتىن قېچىپ قۇتۇلۇپ بولماس. ئاڭا تەسلىم ۋە رىزادىن ئۆزگە چارە يوق ...» دەپ بىر قىسىم چوڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن تەسلىم بولىدۇ. نامەرد، خۇنخور بۇرھانىددىن تەسلىم بولغان جاھان خوجا كىشىلىرىنى بىر - بىرلەپ باغلاپ، تۇمشۇق ساراي دېگەن يەرگە توپلاپ، جاھان خوجا باشلىق 17 كىشىدىن باشقا بارلىقىنى كېرەكسىز مۇردىغا ئايلاندۇرۇپ، يەنى بەزىلىرىنىڭ پۇت، قولىنى كېسىپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئويۇپ ئېلىپ، بەزىلىرىنىڭ تىل، بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ ۋە بەزىلىرىنى ئاتقا قىلىپ پىچىۋېتىپ، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن ياغ قۇيۇپ پىلىك سېلىپ ئوت يېقىپ، قارا چىراغ شەكلىگە ئەكېلىپ قىيناپ، يوق قىلىشتى. «... خوجا جاھان باش-لىق 17 ۋەتەنپەرۋەرنى (بۇنىڭ ئىچىدە جاھان خوجىنىڭ يېڭى تۇغۇتلۇق خوتۇنى بىلەن ئۈچ كۈنلۈك ئوغلىمۇ بار، ئەلۋەتتە — ئا) يەكەنگە ئەكېلىپ بىر قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ، ئىشىك - تۈنلۈكلىرىنى ئېتىپ، كاكۇل بىلەن (سۇۋاق لېيى بىلەن) سۇۋاپ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكەن» (قەشقەر «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»دىن). شۇنداق قىلىپ مىلادى 1757 - يىلىنىڭ قىش ئايلىرىدا قەشقە-رىيە جاھان خوجا ھاكىمىيىتى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇلۇپ، قەشقەرىيىدە بۇرھانىددىن خوجا ۋاسىتىچى-لىق قىلىۋاتقان مانجۇ خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى تىكلىنىدۇ. بۇرھانىددىن خوجا ئۆز خىزمىتى بەدىلىگە قەشقەرىيىنىڭ «خان»لىق تەختىگە قويۇلىدۇ.

«... بۇرھانىددىن خوجا نام ئاپئاق خوجا ئەۋلادلىرىدىن بىر كىشى ئەردى. ئاقسۇغا داخىل بولدى. ئاقسۇدىن ئۇچتۇرپانغا بېرىپ، تەسەررۇپ قىلدى. كاپىرلار (مانجۇ قوشۇنلىرىنى دېمەك-چى — ئا) ئارقىلىرىچە بېرىپ قەشقەرنى ئالدى ۋە ئۇندىن ئۆتۈپ بېرىپ يەكەن، خوتەنلەرنى ئالدى. بۇ يەتتە شەھەر (بۇ يەردە خوتەن، قاغىلىق، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان-لار كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) خاقانى چىنغا تابىئە ۋە مۇنتەقات بولدىلەر ...» («تارىخى ھەمىدىيە» ئۇلانما 14 - بەتتىن).

بۇرھانىددىن خوجا «ھاكىمىيەت» بېشىغا چىققاندىن كېيىن، قەشقەرىيىدە ئاپئاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» ياكى «داستار» سوپىلىق سۇلۇكى («ئاق تاغلىق»لار يولى)نى قايتىدىن «ھاكىمىيەت دىنى»، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىن يولى قىلىپ بېكىتىپ، قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، پۈتۈن قەشقەرىيە بويىچە «ئىسھاقىيىچى قارا تاغلىق» لارنى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش، باستۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇۋېتىدۇ.

مانجۇ خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيىدە بىردەك تىكلىنىپ، ئۇزۇن ئۆت-مەيلا ئۆز «ھاكىمىيىتى» نىڭ مانجۇلارغا تولۇق بېقىنىپ تۇرىدىغان «ھاكىمىيەت» ئىكەنلىكىگە چى-دىماي، پۇشايمان قىلغان ئامۇرسانا 1757 - يىلى ئۆز خوجايىنى — مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىلىدا چوڭ ئىسيان كۆتۈردى. جۇڭغارىيىدىكى مانجۇ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈپ، مانجۇ قىسىملىرى-نى قوغلىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگەشكەن بۇرھانىددىن خوجىمۇ 1758 - يىلى قەشقەرىيىدە مانجۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇ تەۋەگە ئۆزى باشلاپ كەلگەن مانجۇ كۈچلىرىنى قىرغىن قىلىدۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ئۆز مۇرىت - يارانلىرى (ئاساسەن «ئاق تاغلىق»لار)دىن 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۈزۈپ يەكەندە «باتۇرخان دۆلىتى»نى قۇرۇپ، قەشقەر دىيىدە «داستارلار» ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى مانجۇ خانى چيەنلۇڭ خان قوماندان جاۋخۇينى 10 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شۇ يىلى ئامورسانا ئىسيانىنى تارمار قىلىدۇ. قەشقەر دىيىگە — بۇرھانىددىن خوجا ئىسيانىنى باستۇرۇشقا قوشۇن ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن ئەينى چاغلاردا بۇرھانىددىن خوجىدىن زەربە يەپ چيەنلۇڭ خان ھوزۇرىغا قەشقەر دىيىدىن قېچىپ بېرىپ پاناھلىق تىلىگەن «قارا تاغلىق» يەتتە چوڭ خوجىنىڭ (قۇمۇللۇق يۈسۈپ خوجا، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، كۇچالىق ئۇداي خوجا، سايراملىق (بايلىق) سېيىت ئابدۇللا خوجا، ئۈچتۇرپانلىق خوجىس خوجا قاتارلىقلارنىڭ — ئا) ياردىمى بىلەن 1760 - يىلى بۇرھانىددىن خوجا «ھاكىمىيىتى»نى تەلتۆكۈس تارمار قىلىدۇ. بۇ يەتتە خوجىغا كۆرسەتكەن خىزمىتى ۋە يۇرتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىنى ياخشى قىلىش بەدىلىگە «ۋاڭ»لىق، «گۇڭ»لۇق، «تەيجى»لىق، «بەيسى»لىك ئەمەل، ئۇنۋانلىرىنى بېرىدۇ. ھەمراھلىرى بىلەن بەدەخشانغا قېچىپ كەتكەن بۇرھانىددىن خوجىنى بولسا، بەدەخشان خانى مىرزاخاندىن سوراپ ئالغۇزۇپ، 1761 - يىلى ئەتىيازدا كورلىغا ئەكېلىپ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. بېشىنى چيەنلۇڭ خانغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. «... ھەركىمەرسىكى ئەر ئۆمرىدە ھەركىمەرسىگە قانداق، قانچىلىك تالاپەت (زەخمە - زىيان، بەختسىزلىك — ئا) كەلتۈرگەن بولسا، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن ئېغىرراق تالاپەت (زەخمە، بەختسىزلىك، ھالاكەت) بىلەن خاراب بولغاي ...»، «... زالىم زالىمنىڭ، خائىن خائىننىڭ قولى بىلەن ھالاك بولغاي ...»، «... ئەلقىساسۇل مىنەل ھەق» (كىشىنىڭ قىساسى كىشىدە قالماس — ئا)، «... خۇدا زالىمغا زاۋال بەرگۈچىدۇر» («بورقۇم ئەۋلىيا»دىن).

شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدا شىنجاڭنى جۇڭغار دىيە ۋە قەشقەر دىيىگە بۆلۈپ 100 يىلغا يېقىن ئىدارە قىلىپ كەلگەن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭ تەلتۆكۈس مانجۇ خانلىقى قولىغا ئۆتىدۇ.

## 2. بۇرھانىددىن خوجا ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم «يېقىن ياران»لىرىنىڭ تارىختىكى بەزىبىر قەبىھ قىلمىشلىرى توغرىسىدا

بۇرھانىددىن خوجا قەشقەر دىيىدە «ھاكىمىيەت»نى قولغا ئېلىش جەريانىدا ۋە قولغا ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئىسلامنى پاكلاشتۇرۇش (ئەمەلىيەتتە سوپىزمنى ئاپپاق غوجا يولى بىلەن داۋاملاشتۇرۇش — ئا) «ئىسھاقىيە» چىلەر بىلەن «جەدىت» لەرنى يوقىتىش، ئەدىپىنى بېرىشنى ئالاھىدە مەسىلە (خىزمەت) قىلىپ تۇتىدۇ. ئاتالمىش مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يېڭى «قائىدە»لىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ئىجرا قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ يېڭى قائىدىسى: مۇسۇلمانلارنى دائىم ئالەمدىن ئۆتكەن خوجا، ئىشان، سوپىلارنىڭ توپا - تۇپراق باشلىرىغا بېرىپ سەجدە، دۇئا قىلىپ، «ئۇلۇغ» مازارلارغا تاۋاپ قىلىپ تۇرۇشقا، رىياكارلىق بىلەن توختىماي ئىبادەت قىلىشقا، خانىقا ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، تۇپراق بېشىغا چىقىپ تۇرلۇك غەيرىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكە، غايىبنى بىلىشكە، تەقدىرگە تەن بېرىشكە، پالغا ئىشىنىشكە، بېشارەت، ئالامەتلەرگە ئىشىنىشكە چاقىرىش ۋە كۆندۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ يېڭى «دىنىي قائىدە»نىڭ ئەڭ مۇتەۋەر يېتەكچى «جامائەت» تۈركۈملىرىمۇ پەيدا قىلىنىدۇ. بۇلار ئەمەلىيەتتە بۇرھانىددىن خوجا ئوخرانكىلىرى (ژاندارما جاللاتلىرى — ئا) بولۇپ، ئۇلارنىڭ توپ ۋەزىپىسى: «خۇدا يولىدا» «دىن دۈشمەنلىرى»نى (ئاپپاق خوجىچىلار بىلەن بۇرھانىددىن خوجىچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشمىگەن، ئۇلارغا مۇرىت بولمىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنى — ئا) جازالاش، ياۋاشلىتىش، توۋا قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان. «تەزكىرە پىر ياران»دا رەھىمسىز مانجۇ قوشۇنلىرىغا تايانغان بۇ «جامائەت» توغ-

رولۇق مۇنداق دېيىلگەن: «... ئاقسۇلۇقلارنى ياركەند، خوتەن، قەشقەرغە، قەشقەرلىقلەرنى ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپانغا، يەكەن، خوتەنلىكلەرنى قەشقەرغە قىستاپ، زورلاپ كۆچۈرۈپ ۋەيران قىلدىلەر... نارازى بولغۇچىلارنى قىرىپ، چېپىپ، قورۇتتىلەر ... ئۇنىڭ زۇلمىنى قەلەم يېزىپ تۈگەتكىلى بولماس ئىدىلەر ... كىشىلەرنىڭ يۇرتتىن يۇرتقا بېرىپ كېلىشىنى مەنئىي قىلدىلەر...»، «...خوجا بۇرھانىدىن ھەزرەت سىپاھىگەرچىلىكتە غەزەپى زىيادە زات ئىدىلەر ... خان يولى ساي لەنگەر (قاغىلىق بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى ھازىرقى چولاق خارابىلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — ئا) دېگەن جايغا بارغاندا، يۈز ئىسھاقىيە خوجىسىنى قوللىرىنىڭ بېغىشلىرىدىن كېسىپ، چولاق قىلىپ قانغا بوياپ، چۆلدە كۈنگە قاخلاپ، رەھىمسىز ھالسىرىتىپ ئۆلتۈردىلەر ... شۇندىن بېرى بۇ يەر «چولاق» دەپ ئاتالدىلەر ... كۇچا شەھىرىنى پەتھ قىلغاندا 1000 مۇسۇلمان رەقىبىنى تىغىدىن ئۆتكۈزۈپ، باشلىرىنى تەنلىرىدىن جۇدا قىلدىلەر...»

«زەپەرنامە»نىڭ تەرجىمە نۇسخا 4 - بېتىدە يەنە مۇنداق يېزىلغان: «شۇنداق رىۋايەتلەر قىلىنىدۇلەركىم، بۇرھانىدىن خوجا ئىلىدىكى ئامورسانا — مانجۇ تائىپىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئىسھاقىيە خوجىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتۈن سەككىز شەھەر ① خەلقىدىن ئامورسانانىڭ ھۆكمى دەپ، سەكسەن مىڭدىن ئارتۇق بىچارە پۇقرانى «سەنلەر يۈسۈپ خوجا، جاھان خوجىنىڭ يارىدەمچىلىرى» دەپ تۇتۇپ ناھەق ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى كۈپارلارغا بۆلەتقۇزۇپ ۋەيران قىلىۋەتتىلەر ...» بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە بۇرھانىدىن خوجا مانجۇ قىسىملىرىغا قارشى جەڭلەردە قۇربان بولغان قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تېخى بالاغەت ئۆمرىگە كىرمىگەن گۇناھسىز ئەۋلاد، ۋارىسلىرىدىن (يېتىم - يېتىمسىرلەر، ئول خوتۇن ۋە ھەر خىل پاناھسىز بىچارىلەردىن — ئا) 12 مىڭدىن ئارتۇقنى بىر نەچچە قېتىم ئىلىغا توپلاپ ھەيدىتىپ، كۆپ قىسمىنىڭ پىيادىلىك، ئاچلىق، سوغۇق زەخمىتى بىلەن ئۇزۇن سەپەر ھالاكەتچىلىكىدە قىرىلىپ كېتىشلىرىگە سەۋەبكار بولغان، ئون مىڭدىن ئارتۇق «ئىسھاقىيە»چىنى يىغىپ، تۇتۇپ ئىلىغا سۈرگۈن قىلىۋەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

«... ئاپئاق خوجىنىڭ سەككىزىنچى بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇستازى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەبەيدۇللا ئەخرارنىڭ ئۆز زامانىسىدا قولىغا كىرگۈزگەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى يەرلەرنى ھەيدەشتە قۇللارنى قوشقا قېتىپ داڭ چىقارغان ... ئاپئاق خوجىنىڭ ئاتىسى مۇھەممەت يۈسۈپ خوجىمۇ يالغۇز قەشقەردىلا 42 جايدا مېۋىلىك چوڭ باغ ئىگىلەپ، ھېسابسىز مال - دۇنيا تاپقان بولسا، ئاپئاق خوجىنىڭ بۇ پەر نەۋرىسى بۇرھانىدىننىڭ ئىگىلەپ ئالغان مېۋىلىك چوڭ بېغىمۇ 31 گە يەتكەن ...» («جۇڭغارلارنى تىنجىتىشنىڭ ئۇسۇل - تەدبىرلىرى» دېگەن خەنزۇچە ماتېرىيالدىن).

«بىزگە دۇنيا كېرەك ئەمەس، ئىنسانىي مېھرىبانلىق كېرەك» دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى پەردازلاپ كەلگەن بۇرھانىدىن خوجا ۋە شۇ خىل خوجىلار «خوجا»لىق قىلغان، «ھاكىمىيەت» تۇتقان چاغلار توغرىسىدا 18 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر شائىرى مۇھەممەت سادىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «زەپەرنامە» داستانىدا مۇنۇلارنى يازغانىدى:

بىراۋنىڭ كۆڭلىنى قىلسا جاراھەت،
تېپىپ جىسمى پاراغەت، روھى راھەت.
ئەگەر يەتكۈزسە ئول مەزلۇمغە ئەزار،
بولۇبان ئول ئىشىدىن خەندانە سەرشار ①.

بەھرىتۇر ئەتسە بىر ئاجىزنى رەنجۇر ②،
بولۇبان ئول ئىشىدىن شادە مەسرۇر ③.
ئاناسى قىزى سارىغا ④ باقماي،
ئاتاسى ئوغلىنى ئىستەپ تاپالماي.

① مانجۇلار ھاكىمىيىتى قەشقەرىيەنى رەسمىي ئىشغال قىلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى راۋان يۈرگۈزۈشكە باشلىغان دەسلەپكى يىللاردا قەشقەرىيەنى مەمۇرىي جەھەتتىن سەككىز شەھەرگە يەنى خوتەن، يەكەن، يېڭىسار، قەشقەر، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر (كورلا) لارغا بۆلۈپ ئىدارە قىلغان — ئا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر - بىرىگە مۇھەببەت - مۇشەققەت ⑤ بۇرادەر،
بولالماي بىر - بىرىگە يارۇ - ياۋەر ⑥.
ھەم ئۇلپەت - دوستلىرى بىر - بىرىگە باقماي،
كۆرەرگە بىر - بىرىنى ۋاقىت تاپماي.
بېناكى بىر - بىرىنى كۆرسىلەر ھەم،
چۈشۈپ ھەربىرىگە يۈز تۈمەن غەم.
بۇلار بىر - بىرىگە ھېچ ئىشەنمەي،
دېيىشكىم پەھلىگە ھېچ ئىنەلمەي ⑦.
خوتەن ئەھلى قاچىبان ياركەنگە،
كېتىپ ياركەن ئەھلى قەشقەرگە.
چىقىبان قەشقەرلىقلەر بۇخارا،
قاچىبان خالايىقلار كوھە، سەھرا ⑧.
بىرى ھەج سارىغا ئەيلەپ سەپەرنى،
بىرى كەشمىرگە ئەيلەپ مەقەرنى ⑨.
باھانە تاپسا ھەركىم ھەر سارىغا،
بۇ غۇربەتتىن تېپىپ ئەل يۈز - ھالاۋەت،
ھالاۋەت دېمەيىن يۈز مىڭ پاراغەت،
ياد ئەتمەي كۆڭلىگە يارۇ - ۋەتەننى.
نە يەركەن، نە قەشقەر، نە خوتەننى.
بولۇبان كۆڭلى ئۇ ۋەتەن قەيتىدىن ئەزار،
كى بۇ ئازارلىقتا يۈز تۈمەن شار.
..............
بۇ بابتۇر قىيامەتتىن ئالامەت،
ئالامەت دېمەيىن بۇدۇر قىيامەت.
..............

مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، تارىخچى، مەرىپەت تەرغىباتچىسى، ۋەتەنپەرۋەر ھۆرمەتلىك مەرھۇم شائىر ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم بۇ خىل جاھالەتپەرەس «ئۇلۇغ»لارغا دارىتما قىلىپ، يېپىق تەگكۈزۈپ ئۆز زامانىسىدا مۇنۇ قۇرلارنى يازغانىدى:

پۇقرالارنى ئالدايدۇ باخشى بىلەن داخانلار،
«سۈپ - كۈچ» قىلىپ يالغاندىن خەلق مالىنى ئالغانلار،
توسقۇنچى تەرەققىغە مەدداھ، خوجا - ئىشانلار،
مازارغا قاداپ تۇغنى گوللايدۇ بۇ شەيتانلار.
..............
ئەل كۆرمىدى نۇرلۇق زامان ئۇلار قالاق دەۋرانىدا،
ھەسرەت بىلەن غۇربەتتە خەلق دەردمەن بولۇپ ھەيرانىدا،
يۇتلار خاراب، تارقاق ماكان تۇرغان بۇ ئەل ۋەيرانىدا،
ئالۋاڭ - ياساق، سانسىز چىقىل زالىمنىڭ پەرمانىدا،
..............
قەدرى بىلمەس «زات»لىنىڭ قولىدىن ئىچكۈنچە مەي،
ئىت يالاقىغا قۇيۇلغان قىپقىزىل قان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس ئادەمنىڭ گۈل - چىمەنلىك باغىدىن،
دەشت - باياۋان كەڭ دالا، جاڭگالە - مەيدان ياخشىراق.
قەدرى بىلمەس كىبرى مەغرۇرلۇق تەمەننا ئەھلىدىن،
بىر ۋاپادار ئىت بىلەن ئۇلپەتكە ھايۋان ياخشىراق.
شەخسىيەت، نەپسانىيەتلىك «ئىلىم بىلگەن» زاتلىدىن،
بولسا كەمتەر كىبىرسىز ئەخلاقتا نادان ياخشىراق.
..............
كىم قورساقنىڭ بەندىسى يۈرسە ھاياتىي قارنى توق،
قوي گۆشى بىرلە ئېشەكنىڭ گۆشىنى تېتىشقا پەرقى يوق.
قاغىلارغا ئۇچرىسا ئالتۇن تاۋاقتا قەنت - گېزەك،
پەرقى يوقتۇر قاغىلارغا قىغدا تۇرغان تولكتېزەك.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

① خۇش بولۇپ، كۈلۈپ ② رەنجىتىش، خاپا قىلىش ③ خۇرسەنلىك ھېس قىلىپ ④ تەرەپكە ⑤ شەپقەتچى بۇرادەر ⑥ ھەمكارلاشالماي، قارىشالماي ⑦ ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالماي ⑧ تاغ، چۆللەر ⑨ تۇرۇشلۇق جايىنى



مۇھەممەت خېۋىر

## بالا پەريادى



ئاتام دېدى: ئاي دېگىنىمىز تازا يوغان شار،
يورۇمايدۇ قۇياش نۇردىسىز.
ئاپام دېدى: ئاڭلا بالام يېردىمۇ ئايمۇ بار،
نۇرسىز بولسا قانداق كۆردىمىز.

ئاتام دېدى: تاماق تالالاپ ئولتۇرما بالام،
ھەدەپ ئېسىل تائام دېمىگىن.
ئاپام دېدى: مېنى ناخۇش قالدۇرما بالام،
خالىمىساڭ زورلاپ يېمىگىن.

ئاتام دېدى: كۆپرەك بىلىم ئېلىۋال بالام،
بوشاڭ ئادەم بولمىغىن ئوينىاپ.
ئاپام دېدى: بالىلىقتا قېنىۋال بالام،
ئاتا ـ ئاناڭ باردا يايراپ.

ئاتام دېدى: كىتابىڭنى ئوقۇ، ماڭ بېرىپ،
قوپ گەپ ئاڭلا، مەن ساڭا ئاتا!
ئاپام دېدى: ئۇخلا ئەندى كەتتى كەچ كىرىپ،
يات دېدەمغۇ مەن ساڭا ئاپا!

ئاتام ئەندى راستلا چېچىلدى،
مېنىڭ سۆزۈم ئاقمامدۇ زادى.
ئاپامنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلدى:
سۆزۈم ساڭا ياقمامدۇ زادى.

...........

ۋاي خۇدايىم، قايسى گەپ راستۇ،
قايسى گەپنى ئاڭلىسام بولار؟
قانداق پۈتمەس چۇقان-قىقاس بۇ،
ئېلىشتۇردى كاللامنى بۇلار...!

ئەي سۆيۈملۈك ئاتا - ئانىلار،
كاللىمىزنى ئۇماچ ئەتمەڭلار!
سۆزلەڭلارچۇ بىر خىل تىلدىلا،
!........

## ئاتا پەريادى

سېنىڭ بىلەن ئەل ئىچىدە ماختىنىپ،
پەخرىدىم بىلەن بېشىم كۆككە يېتەتتى.
ئاپاڭمۇ ھەم مەن بىلەن تەڭ شادلىنىپ،
ئىشەنچىنى تاغ بىلەن تەڭ ئېتەتتى.

ئارزۇلايتتىم: قانداق زېرەك ئوغلىمىز،
ئالىم بولۇپ قالارمىكەن كەلگۈسى.
ئاپاڭ دەيتتى: سۆزى قەندەك ئوغلىمىز،
بۇ كەلگۈسى يازغۇچىنىڭ بەلگىسى.

بوۋاڭ دەيتتى: گۈلگە ئامراق بۇ نەۋرەم،
باغۋەن بولۇپ قالار دەيمەن چوڭ بولسا.
موماڭ دەيتتى: ئايرىلىشقا يوق سەۋرەم،
يېنىمدىلا تۇرسۇن بەختى ئوڭ بولسا.

شۇ ئارزۇدا كاۋاپ بولۇپ، ئوت بولۇپ،
ئۆچۈرمىدۇق چىرايىڭدىن كۈلكىنى.
ھەر بىر كۈلكەڭ بىزگە چەكسىز قۇت بولۇپ،
ئۆكسىمەيتتى ئۆيدە شادلىق كەلكۈنى.

مانا ئەندى ... ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك،
جۈپلەپتىمۇ «بىلەيزۈك»لەر قولۇڭنى.
بوۋاڭلارغا نېمە دەپ جاۋاب بەرگۈلۈك،
تۈرمىگىلا ئاپسەن بالام يولۇڭنى!

كۈتكەنىمىدۇق شۇنى سەندىن، ھە بالام،
ئارزۇلارغا بەردىڭمۇ شۇ جاۋابنى؟!
كەتتىمىكىن سەۋەن مەندىن يە، بالام،
ئويلاپ باقماي كەلگۈسى بۇ ئازابنى؟!

ئىزدەپ يەتسۇن كۈتكىنىگە ئۆزى دەپ،
كۆرمەپتىمىز قىڭغىر چۈشكەن ئىزىڭنى!
ياشلانمىسۇن ئارمان بىلەن كۆزى دەپ،
قارغۇ قىلىپ قويدۇقمۇ يا كۆزۈڭنى؟

ئەشۇمىدى ئوغلۇم مېنىڭ كۈتكىنىم،
ئارزۇلارنى بۇلغىدىڭمۇ ئەۋرەزدە؟
پەريادىمغا قۇلاق سالار ئەمدى كىم،
تۇغقانىمىدۇق بەنت بولسۇن دەپ قەپەزدە؟!

كۆزلىرىڭدە چۇقان سالار يالۋۇرۇش،
ۋادەرىخا، قۇتقۇزۇشقا ئاجىزمەن.
بولسا ئىدى بالدۇر ئەشۇ ئاھ ئۇرۇش،
ئەمەستىمۇ ياردەم ئۈچۈن يالغۇز مەن؟

سېنى خەقلەر ئازدۇرۇپتۇ دەي قانداق،
ئازمىدۇقمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەندە؟!
ئازغانلاردىن ئالالمىدۇق ھېچ ساۋاق،
پەرياد ئۇردۇق پىچاق تىلىپ ئۆتكەندە!

## كېلىن پەريادى

خۇشچىراي كۆرسىتىڭ ماڭا جان ئانا،
قەلبىمنىڭ كۆكىدە پارلىسۇن قۇياش.
ئۆمرۈمنى بەختىيار ئېتىڭ خان ئانا،
بەختىمنىڭ يىلتىزى سىز بىلەن تۇتاش.
مەڭزىمنى ھۆللىمىسۇن ياش!

ئۆيۈمدە خانقىزمەن بۇ يەردە دېدەك،
سۇلغۇنلۇق قوزغايدۇ ئاپامدا گۇمان.
ۋە لېكىن دادىمدىن ئاچمىدىم رۇجەك،
ئۆتكەي دەپ قۇددىلار رازى - شادىمان.
تىلىكىم شۇ ئىدى ھامان.

ئوغلىڭىز نىكاھتا بىتەلەي ئىمىش،
نېمىشقا سەزمىدىم بۇنى مەن ئانا؟
ئوغلىڭىز بەختىدىن قىلاسىڭىز تەشۋىش،
تاپتىڭىز نە ئۈچۈن يارىماس بانا؟
چاقتىمۇ قايسىبىر «دانا»؟

كىر ئىزدەپ يۇردىڭىز تىرناق ئاستىدىن،
قۇسۇرسىز قالمىدى مەنلا قىلغان ئىش.
موزاي شاش بولسىمۇ كېلىن قەستىدىن،
ھەتتاكى بولسىمۇ قىممەت يەل - يېمىش،
گۇناھلىق ھەر تىنىق - تىۋىش!

تۇرسىمىز ئېرىدىنى ماڭا كۆش - كۆشلەپ،
غەيۋەتتىن توشقۇزۇپ قۇلاقلىرىنى،
كېتەرمۇ مۇددىئا گۈلى چېچەكلەپ،
كۆرسەڭىز تۈرۈلگەن قاپاقلىرىنى؟
نىزانىڭ ئوچاقلىرىنى؟

ئوغلىڭىز كۆرمىدى چېھرىمدە بولۇت،
دائىما چىرايىغا كۈلكە زورلىدىم.
تىلىمدا شەنىڭىز مەدھىسى تولۇق،
ئەتىگە ئۈمىدىم ھامان زور دېدىم.
داد ئوقۇپ قاخشاپ يۈرمىدىم.

١

بىرەر كۈن ئۆكسىمەس تاپا - تەنىڭىز،
ئوت دەسسەپ ماڭغاندەك قىينالدىم ئەجەب.
تاغ بولدى
تاغدىنمۇ يۈكسەك شەنىڭىز،
يىغانىم دىلىمدا قالدى كۆۋەجەپ.
قاينامدا قىينالدىم ئەجەب.

ئاۋازسىز يىغامغا ھۇجرامىلا شاھىد،
كۆرسەتمەي ئاققۇزدۇم ئۆزگىلەرگە ياش!

پەزلىمدە قەيسەرلىك ئۆستۈردى مۇھىت،
چىن سۆيگۈم بەرگۈزدى ئەلەمگە چىداش!
بەرگۈزدى ئەلەمگە چىداش!

قىلدۇرار سوغ سۇمۇ شۈكرى شۇ تاپتا،
مەن تېخى مودىدىن قالغان كىيىمدە.
ئىگىنىم مەيلىكىم بولسىمۇ ماتا،
كۆڭۈلدىن گادايلىق كۆرمەي ئۆيۈمدە!
چىقمىسۇن پەرياد كۆيۈمدە!

تويۇنسۇن يېقىنلىق ئىزدىگەن كۆڭۈل،
پەريادقا ئۈندىمەك سوغ سۆزدە مېنى.
مەلىيەمگە ئېرىشسۇن ئېزىلگەن كۆڭۈل،
كۆرۈك ئۆز قىز كۆرگەن بىر كۆزدە مېنى.
سەتلىمەك سوغ سۆزدە مېنى!

قىزدىم دەپ بىر سادا ئاڭلىسام ئەگەر،
شادلىقتا بېشىمنى قىلارمىدىم پوت؟!
بەرسىڭىز شاھانە ئىللىق بىر نەزەر،
يېشىمنى سۇ قىلىپ يۇيارمىدىم يۇرت.
جىسمىمدا يانارمىدى ئوت؟!

# كۆز يېشى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

خادا چوققىلارغا ئۇرۇلار دېڭىز،
بۈژغۇنلار كۆز يېشى، مارجان كۆز يېشى.
شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرار بىر قىز،
ئۆسكىلەك چاچلارغا پۈركۈنۈپ بېشى.

* * *

كۆز يېشى بەزىدە شېرىن بىر خىيال،
ۋە بەزەن ھىجراندىن كېيىنكى ۋىسال.
كۆز يېشى بەزىدە ئەڭ سوڭقى ئامال،
ۋە ھەتتا ئالەمگە تاشلانغان سوئال.

كۆز يېشى بەزىدە قاينىغان زەھەر،
ۋە بەزەن ئۈزۈندىن تەلمۈرگەن زەپەر.
بەزىدە ئاجىزغا ئۈدۈم بولسا گەر،
بەزىدە كۆز يېشى تۆكەر شىردەك ئەر.

كۆز يېشى بىلەن تەڭ تۇغۇلغان ئىنسان —
ئۇنىڭدا قىسمەتنى قىلار نامايان.
كۆز يېشى قەلبىدە زاھىر ياپىنھان —
بولمىغان مەخلۇقتىن ساقلىغىن جاھان!

# شائىر سۆزى

ماھمۇت مۇھەممەت

شائىر دېمەك مۇھتەرەم نام، بۈيۈك نام،
شائىر سۆزى — ھەقىقەتنىڭ قىلىچى.
ئۇقيا دېسەك ھەقىقەتنى مۇبادا،
شائىرلارنىڭ قولىدىدۇر كىرىچى.

گۈزەللىكنىڭ بەرپاچىسى شائىرلار،
جان خورىتىپ، تەر ئاققۇزۇپ، گۈل تېرەر.
ۋىجدان ئىشى شائىرلارنىڭ يازغىنى،
گېزى كەلسە بىر شېئىرچۈن جان بېرەر.

شائىر نامى ئۈستۈن جىمى ئەمەلدىن،
بۇ ئەمەلنى بىراۋ بېرىپ ئالالماس.

پېنسىيىگە چىقار شائىر ئۆلگەندە،
ئۆلگەندىمۇ ئۆزگىلەردەك ياتالماس.

شائىر ئۆلسە ھەق سۆزلىرى ئۆلمەيدۇ،
ھەر شېئىرىدا سوقۇپ تۇرار يۈرىكى.
ئۆزى بىلەن مىسرالىرى تەڭ ئۆلسە،
شائىر دېگەن ئاتاقنىڭ نەكېرىكى.

شائىر بولماق قىيىن ئىنشتۇر جاھاندا،
چىدىغانلار شائىرلىقنى كۆزلىسۇن.
قىيىنلىقى بىرلا ئىشتا، سىناپ باق:
ھەق پاراڭنى دۇدۇقلىماي سۆزلىسۇن.

# شېئىرلار

ئەركىنجان روزى (ئوقۇغۇچى)

**ھايۋان**

ئاجايىپ جاپاكەش، كۆپتۇر خىزمىتى،
ھاياسىز بولغاچقا يوقتۇر ھۆرمىتى.

**ھەيرانمەن**

ساختىلىق ھەممىشە قىلار مېنى رام،
چىنلىقتىن گۇمان قىپ يۈرىدۇ دادام.

**ۋەيرانىنىڭ سۆزى**

ئانام ئۆلۈك ياتار مازاردا،
دادام مەس بوپ ياتار بازاردا.

**نادان**

ئۆلگەنلەرنى ئەسلەپ يۈرىسەن،
تىرىكلەرنى قەستلەپ يۈرىسەن.

**ئۈنتۈش**

يارىم قانماس تىنىقلىرىمغا،
دادام كۆنمەس قىلىقلىرىمغا.

# چۈچۈك مىسرالار

تۇرسۇن مۇسا (ئوقۇغۇچى)

**ئېزىتقۇ**

كۆرسە ھەركىم
دەيدۇ پەرىزات
بىلمەي ئېزىتقۇلۇقىڭنى ...

**باھار لېرىكىسى**

دەريالار ئۆركەشلەر،
تومۇرۇمدىكى قاندەك.
مەجنۇن تاللار تولغىنار،
باغرىمدىكى جانانەك.

**تاڭ شامىلى**

ئەجەب ئىللىق سۆيدۈڭ چېھرىمنى،
ئىللىقلىقنى
ئۆگەندىڭمۇ ئانامدىن؟...



# ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى توي مەرىكىسى

دىلبەر ھەبىبۇللا قىزى (ئۆزبېك)

ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى توي مەرىكىسى مېھماندوستلۇقنى، ئىززەت-ھۆرمەتنى، ئاددىي-ساددىلىقنى، ئۆز ئارا ئىختىيارلىقنى، ھەقىقىي مېھرى-مۇھەببەتنى، ياخشى ئارزۇ-تىلەكلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. توي — قىز كۆرۈش، ئەلچى قويۇش، ھەشقاللا ئېيتىش، ئاقلىق تاشلاش، ئىمدىش قايتۇرۇش، توي مەسلىھەتى، توي ۋە تويدىن كېيىنكى يۈز ئاچقۇ، قۇدا چاقىرىش، چىللاق قاتارلىق تەرتىپلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

## قىز كۆرۈش ۋە ئەلچى قويۇش

ئوغۇل تەرەپتىن ئوغۇلنىڭ ئانىسى كۆڭلىگە پۈككەن قىزنىڭ ئۆيىگە يېقىن-يۇرۇقلىرىدىن بىرىنى ئېلىپ مېھمان بولغىلى بارىدۇ ۋە قىزنىڭ چىراي-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى چاندۇرماي كۆزىتىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر قىزنى ئۆزىگە لايىق كۆرگەن بولسا، قۇدىلىشىش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ ئارىغا ئادەم قويىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئەلچىسى قىزنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغۇل تەرەپنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرگەن بولسا، قىزمۇ شۇ يىگىتكە ياتلىق بولۇشقا رازى بولسا، قىز تەرەپ ئەلچىلەرگە قۇدىلىشىشقا قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۇچۇر بېرىدۇ.

## ھەشقاللا ئېيتىش ۋە ئىمدىش قايتۇرۇش

ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ ماقۇللۇق جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن داستىخان تەييارلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە ھەشقاللا ئېيتىپ كېلىدۇ ھەم بۇ ئارقىلىق ئارىدىكى يولنى ئېچىپ، ئاقلىق تاشلاش (قىزغا سۆز سالدۇرۇش) كۈنىنى بېكىتىپ قايتىدۇ.

ئاقلىق تاشلاش كۈنىدە ئوغۇل تەرەپتىن قانچىلىك مېھمان بارماقچى بولسا، ئاقلىق تاشلاش ھارپىسىدا ئوغۇل تەرەپ يېتەرلىك ياغ، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى تەييارلاپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئەتىسى ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە توي بېشى (توي بېشى—توي جەريانىدىكى بارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولغۇچى كىشى) قاتارلىق مېھمانلار قىزغا تەييارلىغان بىر قۇر كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ۋە ھەر خىل قەنت-گىزەك، قاتلىما نانلار بىلەن بىر نەچچە داستىخان تەييارلاپ كېلىشىدۇ. قىز تەرەپ مېھمانلارنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئەر-ئاياللارنى ئايرىم ئۆيلەرگە باشلايدۇ. داستىخاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىز-

## ئۆرپ-ئادەتلەر

غا ئېلىپ كەلگەن ئاقلىقلىرى (داستىخانلىرى)نى قويۇپ قىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايدۇ. قىز تەرەپمۇ بۇ ئىشنى بۇرۇن كېڭىشىپ بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ، داستىخىنىنى قوبۇل قىلىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاقلىق ئېلىپ كەلگەن داستىخىنىغا ئۇلار قايتاردا ئازراق نېسۋە يۆگەپ بېرىدۇ ھەمدە داستىخىنىدىن بىرنى ئېلىپ قېلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپنىڭ داستىخىنىغا ئاتىغىنىنى سېلىپ قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئىدىش قايتۇرۇش دېيىلىدۇ.

## توي مەسلىھەتى ۋە يۈك تاشلاش

توي مەسلىھەتى ئۈچۈن قىز ۋە ئوغۇل تەرەپتىن توي بېشى قىلىپ سايلانغان تۆت نەپەر كىشى بىر يەرگە كېلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ ھەمدە قىزنىڭ مېھرى ھەققى ئۈچۈن سېلىنىدىغان تويلۇق، تۈينىڭ ئاش سۈيىگە كېتىدىغان بارلىق لازىمەتلىكلەرنى، توي كۈنىنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مۇزاكىرىلىشىپ بېكىتىدۇ. بۇ مەسلىھەتلەرگە توي ئىگىلىرى ئارىلاشمايدۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى بىر يەرگە كېلىشىپ بامەسلىھەت ئىش قىلىشىدۇ. ئۆز بېك خەلقىنىڭ تويلىرىدا، قىز تەرەپكە كۆپ ئېغىرچىلىق سېلىنمايدۇ. پەش داستىخان تەييارلاشتىن باشقا چىقىملارنى ئوغۇل تەرەپ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

توي ھارپىسىدا، يىگىت تەرەپتىن ئىككى كىشى تويغا كېتەرلىك بارلىق لازىمەتلىكلەرنى قىزنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. بۇ، «يۈك تاشلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. قىز تەرەپ يۈك تاشلىغۇچىلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەتتە بولغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىپ بېلىگە چارسا بەلباغ باغلاپ، ئۇزىتىپ قويىدۇ.

## كۈمەنچۈك كۈنى

قىزنىڭ ئۆيىگە تويغا كېتەرلىك بارلىق لازىمەتلىكلەر كەلتۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، قىز ۋە ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى قىزنىڭ ئۆيىگە جۇغلىشىپ مال سويىدىغان، سەۋزە توغرايدىغان، ئۆي-ھويلىلارنى جابدۇيدىغان.... ئىشلارنى بىرلىكتە پۈتتۈرۈشىدۇ. بۇنى «كۈمەنچۈك كۈنى» دەپ ئاتايدۇ. توي تەييارلىقىدىن ئارتىپ توي ئاياغلاشقىچە بولغان جەرياندىكى خىزمەتلەرنى «كۈمەنچۈك كۈنى» كەلگەنلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلىپ، توي ئىگىلىرىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. تويغا پەش داستىخان قىلىپ تەييارلايدىغان— ساڭزا، بوغۇرساق، قاتلىما، ۋەراقى، سامسا، سامبۇسا قاتارلىقلارنى قولى ئەپچىل ئايىملاردىن بىر نەچچىسى پىشۇرۇپ چىقىدۇ ۋە قەنت - گېزەكلەردىن «بەركەش»① لەرنى تەييارلايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى شەرەپ ۋە بۇرچ دەپ بىلىشىدۇ.

## توي كۈنى

توي كۈنى مېھمانلار كېلىشتىن بۇرۇن، تويى بولىدىغان قىز قوشنىلارنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە ئۇزۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مېھمانلار تويغا تۆت تۈركۈم بۆلۈپ چاقىرىلغاچقا، ئەرلەر ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن سەككىزگىچە، ئاياللار سائەت ئونىدىن ئون ئىككىگىچە، ئايال قۇدىلار سائەت ئىككىلەردە، كۈيئوغۇل بىلەن كيۇنەۋكەر②لەر سائەت تۆتلەردە كېلىدۇ. ئاياللار توي ئۈچۈن داستىخان تەييارلاپ كېلىپ، مۇبارەكلەش رەسمىيەتلىرىنى توي ئۈستىدىلا قىلىشىدۇ.

سائەت ئىككىلەردە، ئايال قۇدىلار قىز يۆتكەشكە كېلىدۇ. قىز تەرەپ ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئايال قۇدىلارنىڭ ئالدىغا سۇپىرىدىن ئالغان بىرەر چىمدىمدىن ئاق ئۇن كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ: «تويىڭىز ئاق يوللۇق بولسۇن، ئاللاھ رىزقىي - دۆلەت ئاتا قىلسۇن» دېگەنگە ئوخشاش ياخشى ئارزۇ - تىلەكلەر بىلەن ئايال قۇدىلىرىنىڭ مەڭزىلىرىگە ئازراقتىن ئۇن سۈر-

① بەركەش — پەتنۇسلارغا تىزىلغان قەنت - گېزەك، ئۈزۈم، چىلان... قاتارلىق مېزەلەر
② كيۇتەۋكەر — يىگىت قولدىشى

تۈپ يۈز يېقىشىپ كۆرۈشىدۇ (ھازىرقى مەزگىلدە ئايال قۇدىلارنىڭ مەڭزىگە ئۇنۇن ئورنىغا ئۇپا سۇرتۇپ قويۇلىدۇ). ئايال قۇدىلار قىزغىن كۈتۈۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنى باشلاش ئۈچۈن ئالاھىدە جابدۇنغان ئۆينىڭ ئالدىغا يىپەك رەختتىن پايانداز سېلىنىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلايدۇ. ئالدىغا سىنچاي قويغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، توي ھارپىسىدا خەتمە قۇرئان قىلىنىپ دىمىدە قىلىنغان: ساڭزا، بوغۇرساق، سامبۇسا، ۋەراقى، سامسا، قاتلىما، ھەسەل، مۇراببا، نىشائاللا، قەنت-گېزەكلەر بىلەن ئالاھىدە تەييارلانغان بەركەشلەر، ھەر خىل مېۋە-چېۋىلەر كەلتۈرۈلىدۇ. يەش داستىخان ۋە بەركەشلەردىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قاچىلاردا مەستا ئارقىدىن قورداق كەينىدىن لېگەنلەردە پولۇ كەلتۈرۈلىدۇ.

سائەت تۆتلەردە كيۇنەۋكەرلەر نەغمە-ناۋا بىلەن توي تارتىپ كېلىشىدۇ. قىز تەرەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. كۈيئوغۇلنى ھۆرمەتلەپ ئاق رەختتىن پايانداز سالىدۇ. پاياندازدىن كۈيئوغۇل ئۆتۈپ بولۇشىغا كيۇنەۋكەرلەردىن يەتتە-سەككىزى پاياندازنى تالىشىپ-تارتىشىپ قىزىقچىلىق ئويۇنى بىلەن ماھارەت كۆرسىتىدۇ. بۇ، پايانداز تارتىشىش دېيىلىدۇ. پايانداز تارتىشىش — يىگىتلەرنىڭ ئالاھىدە قىزىقچىلىق ئويۇنى بولۇپ، بىرىنچىدىن، كيۇ يىگىت دەسسەپ ئۆتكەن پاياندازنى تەۋەررۈك بىلگەنلىك؛ ئىككىنچىدىن، يىگىتلەرنىڭ ئۆز ئارا كۈچ سىناشقانلىقى. ئۇلار پاياندازنى خېلى ئۇزۇن تالىشىپ-تارتىشقاندىن كېيىن، توي بېشى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېگىلىگەن جايىدىن كېسىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. يىگىتلەر بۇ پايانداز پارچىلىرىنى توي تەۋەررۈكى دەپ ئەزىزلەپ ساقلىشىدۇ. يىگىتلەر سورۇنغا باشلانغاندىن كېيىن سىنچاي قويۇلۇپ، مەزە-بەركەشلەر كەلتۈرۈلىدۇ. سورۇندا نەغمىچىلەر ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىشقا باشلايدۇ. يىگىتلەر زوق-شوخ بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىرەر سائەت بەزمە بولغاندىن كېيىن، داستىخان تارتىلىپ قورداق، ئاشلار ئارقا-ئارقىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇلنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا سەرۇپاي، كيۇنەۋكەرلەرگە كۆڭلەكتىن تارتىپ لۆڭگىچىچە قويۇلىدۇ. ئارقىدىنلا يەنە نەغمە-ئۇسسۇللار باشلىنىدۇ. قىز بار ئۆيدە قىزغا تويلۇق كىيىم كىيدۈرۈش، جابدۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى توي پائالىيەتلىرى ياريار ئېيتىش بىلەن باشلىنىدۇ.

## قىزغا كىيىم كىيدۈرگەندە ئېيتىلىدىغان يار-يار

ئۆز بېك خەلقىنىڭ ئادىتىدە، تويى بولغان قىزغا ئانىسى ئاق يول تىلەپ بىر قۇر ئاق كىيىم تىكتۈرۈپ بېرىدۇ. يىگىت تەرەپ ئالغان تويلۇق كىيىم-كېچەكلىك رەختلەردىن توي ئۈچۈن پەقەت بىر قۇرلا تىكتۈرۈلۈپ، باشقا كىيىم-كېچەكلەر يۈز ئاچقۇدىن كېيىن تىكتۈرۈلىدۇ. قىزغا كىيىم كىيدۈرۈش ۋاقتىدا يەڭگىلەر قىزنىڭ ئانىسى ئاق يول تىلەپ تىكتۈرۈپ بەرگەن بىر قۇر ئاق كىيىم بىلەن تويلۇق ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن بىر قۇر تاش كىيىمنى ئېلىپ كىرىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىل كۆرپە سېلىپ قىزنى ئولتۇرغۇزۇپ، كىيىم كىيدۈرۈشكە باشلايدۇ. ئۆيدىكى ئاياللار قىزنى چۆرىدىشىپ بۇ ياريارنى ئېيتىدۇ:

بىسمىللادىن باشلايلى،
ھەمدۇ - سانا ياريار.
قۇدرىتىڭدىن ياراتتىڭ،
ئادەم ئاتا ياريار.

قۇدرىتىڭدىن ياراتتىڭ،
ئادەم ئاتا ياريار.
ئادەم ئاتىنىڭ جۈپتى،
ھاۋا ئانا ياريار.

تاختا-تاختا كۆۋرۈكتەك،
تەختىڭ بولسۇن يار-يار.
ئان① ھەزرىتىنىڭ قىزىدەك،
بەختىڭ بولسۇن يار-يار.

ئان ھەزرىتىنىڭ قىزىنى،
ئەلى ئالغان يار-يار.
يار-يار ئېيتىپ توي قىلماق،
ئۇندىن قالغان يار-يار.

ھەي، ھەي يۆلەن جان يۆلەن،
جانىم پىدا يار-يار.
ئاسى ئۈممەت گۇناھىدىن،
كەچسۇن خۇدا يار-يار.

ھەي، ھەي يۆلەن جان يۆلەن،
تويدۇر بۈگۈن يار-يار.
دوست كېلەر، دۈشمەن كېتەر،
كۈندۇر بۈگۈن يار-يار.

دالىدا تاي-چاق كىشنەيدۇ،
ئات بولدۇم دەپ يار-يار.
ئۆيدە كېلىن يىغلايدۇ،
يات بولدۇم دەپ يار-يا

يىغلىما قىز يىغلىما،
توي سېنىڭكى يار-يار.
ئاستانىسى تىللادىن،
ئۆي سېنىڭكى يار-يار.

ئۇزۇن، ئۇزۇن ئارغامچا،
ھەيىنچەككە② يار-يار.
چەككەن كۆڭلەك يارىشىپتۇ،
كېلىنچەككە يار-يار.

چەككەن كۆڭلەك يېڭىگە،
تۇت تاقايلۇق يار-يار.
يىگىتلەر باغرىدا،
ئوت ياقايلۇق يار-يار.

ئايالار يۇقىرىقى يار-يارلارنى ئېيتىش ئارقىلىق كۆڭۈل خۇشلۇقلىرىنى ۋە قىزغا بولغان ياخشى ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئۇلۇغلارنى ياد ئېيتىش يولى بىلەن بايان قىلىپ، قىزغا خۇددى پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمەدەك بەخت-سائادەت يار بولۇشىنى تىلىشىدۇ. قىز كىيىم كىيىش ۋاقتىدا خىجىللىقتىن كۆز يېشى قىلىدۇ. ئاياللار يار-يار ئارقىلىق قىزنى سەۋرچان بولۇشقا ئۈندەيدۇ ھەمدە قىزغا تويلۇق كىيىملەرنىڭ ياراشقانلىقىنى زوقمەنلىك بىلەن ماختاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ.

## نىكاھ ئوقۇشنىڭ ئالدىدا ئېيتىلىدىغان يار-يار

قىزغا كىيىم كىيدۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن نىكاھ قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىز-چوكانلار ئۇنى ئارىغا ئېلىپ ھويلىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇلار ھويلىغا كىرىشىگە يىگىتلەر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ. ئاياللار قىزنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن تۆۋەندىكى يار-يارنى ئېيتىدۇ:

بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينىدە،
بىر تۈپ ئەنجۈر يار-يار.
ئۇ ئەنجۈرنىڭ شاخلىرى،
تىللا زەنجىر يار-يار.

زەرگەر قىلغان زەنجىرنى،
ئۈزۈپ بولماس يار-يار.
خۇدا قىلغان تەقدىرنى،
بۇزۇپ بولماس يار-يار.

ئاياللار بۇ يار-يارنى ئېيتىش ئارقىلىق، رىسىق-نىكاھنىڭ قوشۇلۇشى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ، قىزنى نىكاھتا سورىلىدىغان سوئاللارغا تېزرەك جاۋاب بېرىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ ئىلھام بېرىشىدۇ. يار-يار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇش باشلىنىدۇ. يىگىتلەر نىكاھ ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇشىدۇ.

① ئان ھەزرەت - مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ② ھەيىنچەك - ئىلەڭگۈچ

قىزنىڭ دادىسى ياكى يېقىن ئەر تۇغقىنى نىكاھ ئوقۇلغاندا، قىزنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاردىغا گۇۋاھچى قويىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ، قىز - يىگىتكە تۇزغا تۆگۈرۈلگەن نان يېگۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپ قىزنى ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن قىزنى ئورۇنلاشتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قىزنىڭ ھەمراھلىرى: «قىز بىكتەر بەرسۇن، بولمىسا قىزنى بەرمەيمىز» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ تاشلىغان «قىز بىكتەر»نى قوبۇل قىلماي، يىگىت ئۆزى ئېشىك ئالدىغا كېلىپ «قىز بىكتەر» بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئاخىرى يىگىتنى ئېشىك ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق يىگىتنى ئىمتائەت قىلدۇرۇپ ئۇنىڭ سەممىيلىكىنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ جەرياندا بولغان تەلەپ، تەكلىپلەرۋە كۈلكە - چاقچاقلار توينىڭ قىزغىن كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

## قىزنىڭ ئاتا ئانىسى بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئېيتىلىدىغان يارنيار

«قىزبىكتەر»دىن كېيىن قۇدىلار قىزنى ئېلىپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، ئاياللار قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قىزىنى ئۇزىتىپ دۇئا قىلىشىنى تىلەپ بۇ ياريارنى ئېيتىدۇ:

قات - قاتقىنا قاتلىما،
قاتلىنىدۇ ياريار.
قىزنى ئېلىپ يەڭگىسى،
ئاتلىنىدۇ ياريار.
قىزنى ئېلىپ يەڭگىسى،
تۇرۇپ تۇرسۇن ياريار.
ئاق سۈت بەرگەن ئانىسى،
رازى بولسۇن ياريار.
قىيامەتلىك ئاتىسى،
قازى بولسۇن ياريار.

ئاياللار يۇقىرىدىكى ياريار ئارقىلىق، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا رازى بولۇپ، قىزىنىڭ بۇنىدىن كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ مەڭگۈ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ياريار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشى بىلەن بارلىق مېھمانلارمۇ قوشۇلۇپ، قىز - يىگىتكە مەڭگۈلۈك بەخت - سائادەت تىلەپ دۇئا قىلىدۇ. قىز ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا ئاتىدۇ. ئانا قىزىنى باغرىغا بېسىپ كۆڭلىدىكى ياخشى ئارزۇ - تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىپ، جامائەت بىلەن قىز - يىگىتنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

## قىزنى ئېلىپ ماڭغاندا ئېيتىلىدىغان يارنيار

يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئەرلەر باشقا ھارۋىدا (ھازىر ماشىنىدا)، ئاياللار باشقا ھارۋىدا (ھازىر ماشىنىدا) مېڭىشىدۇ. ئاياللار يول بويى ياريار ئېيتىپ كۆڭۈل سىرلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇ ياريارلارنىڭ مەزمۇنى باشقا ياريارلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، جاھالەتلىك كونا جەمئىيەتتىكى فېئودالىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ تۇپەيلىدىن نام - مەنپەئەت، يۈز - ئابروي قوغلىشىپ، نىكاھ ۋە نىكاھ ئىشلىرىدا كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەرنى ئەيىبلەيدۇ.

ھەي، ھەي يۈلەن جان يۈلەن،
كىمنىڭ تويى ياريار.
ئاتىسى بار، ئانىسى يوق
قىزنىڭ تويى يار-يار.

ئانىسىنىڭ روھلىرى،
كەلدىمىكىن ياريار.
چىمىلدىقنىڭ بېشىغا
قوندىمىكىن ياريار.

دالىدا تايچاق كىشنەيدۇ،
ئات بولدۇم دەپ ياريار.
ئۆيدە كېلىن يىغلايدۇ،
يات بولدۇم دەپ ياريار.

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
ئاتقان ئاتام ياريار.
ئۆز قىزىنى تونۇماي،
ساتقان ئاتام ياريار.

ئۆز قىزىنىڭ ئورنىغا،
بادام ئىكسۇن ياردىيار.
بادام شېخى ئېگىلگەندە،
بالام ئەتسۇن ياردىيار.

بۇ دۇنيادا بولسا گەر،
باغرى پۈتۈن ياردىيار.
قەغەزدىن قازان قىلاي،
گۈلدىن ئوتۇن يارىيار.

مەن قامچامنى سالمايمەن،
يامان ئاتكە ① ياردىيار.
قانداق جاۋاب بېرەرمەن،
قىيامەتكە ياردىيار.

ھەي، ھەي يۆلەن جان يۆلەن.
يىغلىدى قىز ياردىيار.
بىر تۇغقانلار باغرىنى،
داغلىدى قىز ياردىيار.

چىمىلدىقنىڭ يېپىنى،
باغلىدى قىز ياردىيار.
ئانىسىنىڭ باغرىنى،
داغلىدى قىز ياردىيار.

ئەنجان②غا ئوت ياقسام،
ئوش③تا تۈتۈن ياردىيار.
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ،
باغرى پۈتۈن ياردىيار.

دەرياغا تاش ئاتماڭلار،
چۆكۈپ كېتەر ياردىيار.
يىراققا قىز بەرمەڭلار،
كۆچۈپ كېتەر يارىيار.

يىراققا بەرگەن قىزنىڭ،
رەڭگى سېرىق ياردىيار.
كۆزىدىن ئاققان يېشى،
مىسلى ئېرىق ياردىيار.

## ئوغۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئېيتىلىدىغان يارىيار

تويچىلار قىزنى ئېلىپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئوغۇل تەرەپ ئىككى - ئۈچ يەرگە قاتار گۈلخان ياقىدۇ. ئادەت بويىچە يىگىت قىزنى كۆتۈرۈپ ئوتتىن ئاتلىتىپ ھويلىغا ئېلىپ كىرىدۇ. يىگىت قىزنى كۆتۈرۈپ ئوتتىن ئاتلىتىپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئاياللار ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ بۇ يارىيارنى ئېيتىدۇ:

ھەي، ھەي پاچچام، جان پاچچام،
پەلۋان بولۇڭ ياردىيار.
كۆتۈر، كۆتۈر دېگەندە،
پەلۋان بولۇڭ يارديار.

يىگىت قىزنى ھويلىغا ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يولغا توغرا خادا قويۇۋالىدۇ. ئاياللار يولنى ئېچىش ئۈچۈن خادا قويغۇچىلارغا بۇ يارديارنى ئېيتىدۇ:

ھەي، ھەي يۆلەن جان يۆلەن،
كېلىن كەلدى ياردىيار.
ئىككى قولى كۆكسىدە،
ئايىم كەلدى يارىيار.

ھارۋىنىڭ ئاستىدا،
بىر تۇپ ئوسما ياردىيار.
ئونبەش تىللا پۇل بەردىم دەپ،
يولنى توسما ياردىيار.

شالدۇر - شالدۇر سۇ كەچتىم دەپ،
ئېرىنمەڭلەر ياردىيار.
ئونبەش تىللا پۇل بەردىم دەپ،
كېرىلمەڭلار يارىيار.

ئونبەش تىللا پۇلۇڭلارنى،
خەجلەپ كەلدۇق يارىيار.
تولۇنئايدەك كېلىننى،
باشلاپ كەلدۇق ياردىيار.

① ئاتكە — ئاتقا ② ئەنجان ③ ئوش — جاي ئىسىملىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاياللار ياريار ئېيتىپ يولنى ئاچتۇرىدۇ. ئاشۇنداق قىزدىقچىلىق ئىچىدە يىگىت قىزنى كۆتۈرۈپ هويلىغا ئېلىپ كىرىپ، مەخسۇس قىزغا جابدۇلغان هۇجرىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئاياللار قىزنى تەرىپلەپ، قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشاقتا قېتىپ بۇ ياريارنى ئېيتىدۇ:

×××نىڭ تېمىدىن،
قۇرغۇي ئۇچتى ياريار.
×××نىڭ تېمىغا،
كېلىپ چۈشتى ياريار.

ئارغامچىغا ئېسىلىپ،
ئۇچتى سىڭلىم ياريار.
مەھەللىگە گۈل بولۇپ،
چۈشتى سىڭلىم ياريار.

يار-ياردىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ئايىغىغا پايانداز سالىدۇ. يەڭگىلەر قىزنى پاياندازنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىپ تۇرۇپ، تۆۋەندىكى ياريارنى ئېيتىپ قىزنى قېيىن ئاتىسى بىلەن قېيىن ئانىسىغا ۋە مېھمانلارغا سالام قىلدۇرىدۇ.

تاختا - تاختا كۆۋرۈكتەك،
تەختىڭ بولسۇن ياريار.
ئان ھەزرەتنىڭ قىزىدەك،
بەختىڭ بولسۇن ياريار.

ئان ھەزرەتنىڭ قىزىنى،
ئەلى ئالغان ياريار.
كېلىن ئايىم سالام قىلماق،
ئۇندىن قالغان ياريار.

قۇرئاندا بار تابارەك،
ھەربىر سۆزى مۇبارەك،
قېيىن ئاتىسىغا سالام.

ئاسماندىكى ئايدەك،
يېيىلىپ ئاققان سايدەك،
قېيىن ئانىسىغا سالام.

ئاسماندىكى غازدەك،
سەللەلىرى قەغەزدەك،
نىكاھ قىلغان ئاخۇنۇمغا سالام.

قارا قوينىڭ بەررەسى،
يىگىتلەرنىڭ سەررەسى،
كيۇپاچچامغا سالام.

ئاشقا باسقان ئىلىكتەك،
قاشى - كۆزى پىلىكتەك،
قېيىن ئىگىچە، سىڭىللارگە سالام.

چابىغانچىنىڭ(1) ئاتىدەك،
تامغا قويغان شۇتىدەك،
خىزمەت قىلغان مېھمانلارگە سالام.

ئۆرۈكلەرنىڭ غورەسى،
كيۇپاچچام جۆرەسى،
كيۇنەۋكەرلەرگە سالام.

تاكچىگە تىزىلغان ئاناردەك،
چاغاندا ياققان پاناردەك،
تويىمىزغا قاتناشقان مېھمانلارگەسالام.

يەڭگىلەر يۇقىرىقى سالام قوشاقلىرىنى ئېيتىپ «سالام» دېگەن يېرىگە كەلگەندە قىز ئېگىلىپ سالام بېرىدۇ. بۇ سالامغا قېيىن ئانىسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ «قۇللۇق، قۇللۇق» دەپ سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۆزبېك خەلقىنىڭ توي ئادىتىدە قىزنىڭ ئۆيىدە ئوغۇلنى؛ ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە قىزنى قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىلارغا سالام قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ياشلارنى ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىشقا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى جان-دىل بىلەن قىلىپ، ئۆز ئارا ئەپ، ئىناق ئۆتۈشكە ھەم قائىدىلىك بولۇشقا تەربىيە قىلىنىدۇ. سالام رەسمىيەتلىرى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قېيىن ئانا ئۆيدىن چىقىپ كېلىننى قولتۇقلاپ ئۆيگە ئەكىرىپ چىمىلدىقنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. ئاندىن بىرگە كەلگەن مېھمانلارغا داستىخان سېلىپ كۈتۈۋا-

(1) چابىغانچىنىڭ — چاپچىپ تۇرغان

لىدۇ. ئۆزبېك خەلقىنىڭ توي رەسمىيىتىدە، تويغا ئوغۇل تەرەپ يوتقان - كۆرپە تەييارلىغاندىن سىرت، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بىر يۈرۈش يوتقان - كۆرپە ئېتىپ بېرىدۇ. كەچلىكى يەڭگىلەر قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن يىگىت تەرەپ توي ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلىغان بىر نەچچە خىل چايشاپ، تۆشەك، يوتقان - كۆرپىلەر بىلەن ئورۇن سالىدۇ. ئىككى يەڭگە چۈش كۆرۈش ئويۇنى قىلىش ئۈچۈن بىرى غېرىب، بىرى سەنەم بولۇپ ئورۇن - كۆرپىنىڭ ئۈستىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىرگە ياتىدۇ ۋە بىر پەستىن كېيىن ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ: «مەن ئوغۇل تۇغۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن»، «مەن قىز تۇغۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن» دەپ ئىككىيلەن بىر - بىرىگە چۈش ئۆرۈشۈپ قىزىقچىلىق قىلىشىدۇ. دەل شۇ كۆلكە - چاقچاقلارنىڭ ئۈستىگە كيۇنەۋكەرلەر يىگىتنى ئارىغا ئېلىپ كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە رەتلىك تۇرۇشقىنىچە ئاياللار بىلەن يارىيار ئېيتىشىدۇ.

يىگىتلەر:

ئاي يانىدا بىر يۇلتۇز،
ئاي بالىسى يارىيار.
كيۇپاچچام سورىسىڭىز،
باي بالىسى يارىيار.

ئاياللار:

باي دەيسەنۇ باي دەيسەن،
بېيىك قېنى يارىيار.
ساماۋەردە قاينىغان،
چېيىڭ قېنى يارىيار.

يىگىتلەر:

تاي هەم بولسا مىنەيلى،
ئات ئورنىغا يارىيار.
سۇ هەم بولسا ئىچەيلى،
چاي ئورنىغا يارىيار.

ئاياللار:

ئاسماندىكى يۇلتۇزنى،
سەككىز دەڭلار يارىيار.
سەككىز قىزنىڭ سەردارى،
كەلدى دەڭلار يارىيار.

يىگىتلەر:

هارۋىنىڭ ئاۋازى،
گۈلدۈر - گۈلدۈر يارىيار
كيۇپاچچام سورىسىڭىز،
قىزىل گۈلدۈر يارىيار.

ئاياللار:

سەككىز قىزنىڭ سەردارى،
بىز بولۇرمىز يارىيار.
بۈگۈنكىدەك تويلاردا،
گۈل بولۇرمىز يارىيار.

يارىيار ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار قىزنى چىمىلدىقتىن ئېلىپ چىقىپ كۆرپە ئۈستىدە يىگىت بىلەن يانداشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزىدۇ. يىگىت بورۇنلا تەييارلاپ قويغان ئېسىل بىر رومالدا قىزنىڭ چېچىنى سىلايدۇ ۋە ئۇ رومالنى قىزنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويىدۇ. ئاندىن ئاياللار ئىككىسىگە ئەينەك كۆرسىتىپ، بىرىنى «مەن ئاي»، يەنە بىرىنى «مەن كۈن» دېگۈزىدۇ ۋە ئىككىسىنىڭ چىمچىلاق قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇپ: «ئىككىڭلار ئۆمۈرلۈك ئەر - خوتۇنسىلەر، ئاللاھ مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن» دەپ كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ رىسقىغا دۇئا قىلىدۇ. دۇئادىن كېيىن، قىز - ئوغۇلنى ياتىدىغان جايغا ئېلىپ بېرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاياللار بۇ يارىيارنى ئېيتىدۇ:

هەي، هەي پاچچام، جان پاچچام،
ساندۇق ئېچىڭ يارىيار.
كېلىن ئايىم بېشىدىن،
تىللا چېچىڭ يارىيار.

بۇ ۋاقىتتا يىگىت يانچۇقىدىن بىر سىقىم تەڭگىلەرنى (هازىرپۇل) ئېلىپ قىزنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چېچىۋېتىدۇ. ئۆيدىكىلەر تەڭگىلەرنى تېرىش بىلەن مالال بولۇۋاتقاندا، يەڭگىلەر قىز بىلەن يىگىتنى ياتقۇزۇپ يوتقانغا ئوردۇۋېتىدۇ. ئۆيدىكىلەر يىگىت بىلەن قىزغا ئاتاپ بۇ يارىيارنى ئېيتىشىدۇ:

ئاياللار: چىمەندىكى چىپ - چىنار،
بويۇك چىنار ياردىيار.
بويۇكگە كۆز تەگمىسۇن،
ئاساي تۇمار ياردىيار.

چىمەندىكىنىڭ چېتىدىن،
چاشقان قاچتى ياردىيار.
چەكسى مەيىن تاپالماي،
كىيۇ قاچتى ياردىيار.

يىگىتلەر: قاچتى - قاچتى دېمەڭلار،
قاچقىنى يوق ياردىيار.
ھەمميانىنىڭ ئاغزىنى،
ئاچقىنى يوق ياردىيار.

بىرلىكتە: چىمەندىكىنىڭ ئىچىدە،
دەستى قاشق ① ياردىيار.
كىيۇ، كېلىن سورىسىڭىز،
ئالتۇن ئاشىق ياردىيار.

ھەي، ھەي يۇلەن جان يۇلەن،
گۇل كەسكىنى ياردىيار.
بىر ھويلىدا ئۇينىشىپ،
تەڭ ئۆسكىنى ياردىيار.

مېھمانلار ياردىيار ئېيتىشىپ، بەزمە - تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن تارقىشىدۇ.

## يۈز ئاچقۇ

ئەتىسى، ناشتىلىق ئاپىرىش ۋە تويىنىڭ يۈز ئاچقۇ ئىشلىرى بولىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى ئەتىگەندە تۆت خىل ئېسىل غىزادىن داستىخان تەييارلاپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ناشتىلىق ئۇچۇن ئەۋەتىدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ قائىدىسىدە، قۇدا چاقىرىشقا قەدەر قۇدىغا ناشتىلىق ئەۋەتىلىپ تۇرۇلىدۇ. بەزىلەر ئۇدا بىر يىلغىچە ياكى قىزى بىرەرنى تۇغقانغا قەدەر ھەپتىدە، ئايدا دېگۇدەك قىزغا ناشتىلىق ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. بۇ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى سېغىنىپ ياد ئېتىپ تۇرغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مېھرى - شەپقىتىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

يۈز ئاچقۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، قىزنىڭ ئانىسى ئايال مېھمانلارنى باشلاپ كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۈز ئاچقۇغا كېلىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ۋە ئوغۇل تەرەپتىكى ئاياللار ئۇلارنى ئىززەت - ئېكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ يۈزىگە سۈپۈرگىنىڭ ئۇنىنى ياكى ئۇپا سۈرتۈپ، يۈز يېقىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئايىغىغا پاينداز سېلىپ ئۆيگە باشلايدۇ. يۈز ئاچقۇغا كەلگەن مېھمانلارمۇ خۇددى توي كۈنىدىكىگە ئوخشاش ياخشى كۈتۈۋېلىنىدۇ. داستىخاندىن كېيىن، قىزنىڭ تويلۇقىغا ئېلىنغان ئەن رەختلەرنى ۋە ئانىسى قىلىپ بەرگەن بارلىق كىيىملەرنى ئۆينىڭ تۆرىگە تانا تارتىپ يايىدۇ. بۇ «سېلىپ يېيىش» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ ئىنگىچىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئىپەك رەختتىن چۈمبەل يېپىپ چىمەندىكتىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئوغۇلنىڭ سىڭىللىرىدىن بىرى ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ قىزنىڭ يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئېچىۋېتىدۇ. بۇ «يۈز ئاچقۇ» دېيىلىدۇ. قىزنىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاياللار ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ بۇ ياردىيارنى ئېيتىشىدۇ:

ھەي، ھەي يۇلەن جان يۇلەن،
ئىرا يىلىقىم ياردىيار.
ئۇپا - ئەڭلىك كەتمەيدۇ،
چىرا يىلىقىم ياردىيار.

ھەي، ھەي يۇلەن جان يۇلەن،
جانانىسى ياردىيار.
قىزغا خۇشتار بولۇپتۇ،
قېيىن ئانىسى ياردىيار.

ھەي، ھەي يۇلەن جان يۇلەن،
يات بالىسى ياردىيار.
قېيىن ئانىسى ياخشى بولسا،
ئۆز بالىسى ياردىيار.

ھارۋىنىڭ ئىزىغا،
سەپتىم كېپەك ياردىيار
كېلىن ئايىم سەپلىرى،
بارى يىپەك ياردىيار.

---

① قاشق - قوشۇق.

ئۇزۇن، ئۇزۇن ئارغامچا،
كۆككە يېتۇر ياردىيار.
كېلىن ئايىم سەپلىرى،
يۇرتقا يېتۇر ياردىيار.

تاغدىن ئەلچى كېلەدۇر،
ئىمارەتكە ياردىيار.
ئۆيدىن كېلىن چىقادۇر،
زىيارەتكە ياردىيار.

ئوڭ قولىدا ئاپتىۋا،
تاھارەتكە ياردىيار.
سول قولىدا دەسرومال،
سەلتەنەتكە ياردىيار.

ياردىيار ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ ئالدىغا سۇپىرا ئېچىپ، ئازراق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، گۇرۇچ، ئاش ۋە ياغ قاتارلىقلارنى ئاردىلاشتۇرۇپ قىزنىڭ قېيىن ئانىسى ئۇنىڭ قولىغا بۇلارنى ئالدۇرۇپ: «قولىڭىز بەرىكەتلىك بولسۇن، قولىڭىز مەززىلىك بولسۇن، قولىڭىز ياغلىق بولسۇن...» دەپ ئۈچ قېتىم ئېيتىپ تۆكتۇردۇ. ئۇندىن كېيىن «كۆرمەنە قىلدۇق» دەپ قىزنىڭ قېيىن ئانىسى، قېيىن ئىگىچە- سىڭىللىرى كېلىننى: «پۇتىڭىز يەڭگىل بولسۇن، قولىڭىز چاققان بولسۇن، تىلىڭىز شېرىن بولسۇن، ئۆزىڭىز ئېغىر بولۇڭ» دەپ ئۈچ مەرتىۋە كۆتۈرۈپ يەردە قويۇشىدۇ ۋە كېلىننى مۇبارەكلەپ ئاتىغىنىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويىدۇ. باشقا مېھمانلارمۇ ھەر خىل سوۋغاتلار بىلەن قىزنى مۇبارەكلىشىدۇ. بۇ پائالىيەتلەر ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە تاكەچ كىرگىچە داۋاملىشىدۇ.

## سالامغا بېرىش

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كۈيئوغۇل قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بىر تۇغقىنى ياكى يېقىن دوستىدىن ئىككىنى ھەمراھ قىلىپ سالامغا بارىدۇ. قېيىن ئانا، قېيىن ئاتىسى كۈيئوغۇلنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۇلار مېھمان بولۇپ، يانار ۋاقتىدا كۈيئوغۇلغا ۋە بىرگە كەلگەن ئىككىيلەنگە ئالاھىدە سەرۇ-پايلار قويۇپ ئۇزىتىدۇ.

## قۇدا چاقىرىش

توي بولۇپ ئاردىن بىر- ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ دادىسى باشلىق بارلىق ئەر تۇغقانلىرىنى مېھمانغا چاقىرىدۇ. ئۇلار كېلىپ مېھمان بولۇش بىلەن بىرگە، گىلەمدىن تارتىپ يوتقان ئەدىيال، چامادان، ساندۇق، كىگىز، داس، چايدان قاتارلىق ھەر خىل ئۆي سەرەمجانلىرى بىلەن قىزنى مۇبارەكلىشىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆي تۇتۇپ ئۆمۈرلۈك بىرگە ئۆتۈشىگە ئەمەلىي تىلەكداشلىق قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

## چىللاق

توي بولۇپ ئاردىن بىر ئايدىن تاكى بىر يىلغىچە ئارلىقتا ئۆز ئارا چىللاق بولىدۇ. ئالدى بىلەن قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ يېقىن- يورۇقلىرىنى قىچقىرىدۇ. قىز تەرەپ مېھمانلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە مول نازۇ- نېمەتلەر بىلەن كۈتۈۋالىدۇ ھەم قۇدا تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئۆز لايىقىدا سەرۇ-پايلار قويىدۇ. ئاندىن ئوغۇل تەرەپ چىللاق قىلىپ، قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرىنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ ئىشلاردا ھەرگىزمۇ ئۆز ئارا تەلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. كىمگە نېمە قويۇشنى ئىختىيار قىلسا، شۇنى قويىدۇ.

دىلبەر ھەبىبۇللا: 21 ياش، قاغىلىق ناھىيە تۆگىچى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدە ئىشلەيدۇ. بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ ئېتنوگرافىيە ساھەسىدىكى تۇنجى ئەمگىكى.

مۇھەررىردىن




## جاھاننى مىڭ قېتىم كەزسەڭ...

**مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن**

(قوش ئاۋازلىق ناخشا)

جاھاننى مىڭ قېتىم كەزسەڭ ۋەتەندەك دىلرابا يوقكەن،
ۋەتەندەك ئۆز ئانا يوقكەن، كۆيۈمچان باشپاناھ يوقكەن.

جىمى ئالەمدە تاغ - دەريا، ھوزۇرى ئوخشىماس ئەمما،
ئانا يۇرتىنىڭ ھاۋاسىدەك شىپالىق ساپ ھاۋا يوقكەن.

ئانا يۇرتۇم — ئۇسسۇل كانى، مۇقام - ئەلنەغمىنىڭ كانى،
بۆلەك يۇرتتا بۇنىڭدەك ساز، يېقىملىق كۈي - ناۋا يوقكەن.

يىراقتا ئويىنىغۇنچە ھېيت، ۋەتەندە روزا تۇتقان خوپ،
جۇدالىق دەردۇ - رەنجىگە جاھاندا ھېچ داۋا يوقكەن.

ئاخىرقى تەكرار:
ۋەتەندەك دىلرابا يوقكەن، ۋەتەندەك ئۆز ئانا يوقكەن،
ۋەتەندەك رەھنىما يوقكەن، ۋەتەندەك باشپاناھ يوقكەن.

## سۆيگۈ ناۋاسى

**ئەركىن نىزامى**

قونۇپ بۇلبۇل گۈلىستانغا، تاپتى ساپ ھاۋا،
كۆچۈپ قايغۇ يۈرەكلەردىن، ياڭرىدى ناۋا.

بولۇپ ھەمراھ ئەجداد - مېھنەت مەردانىلەرگە،
ئۆلكىمىزنىڭ قوينى تولدى دۇردانىلەرگە.

ئېچىپ تاغلار كېزىپ دەشتلەر، مەنزىل كۆرۈندى،
باغ ئەيلىدى چۆلنى پەرھاد، شېرىن سۆيۈندى.

چېچەك ئاچتى مۇھەببەتتىن چىمەندە گۈللەر،
ئۈزۈلمەس كۈي - ناخشا بولۇپ ئۆتمەكتە كۈنلەر.



# سەيدىگۈل

ماھمۇتجان ئىسلام

ئىش قويىنىدا كۆرگەندە
سېنى يارىم سەيدىگۈل؛
كۆڭلۈم خۇشال يايرايدۇ،
دىلغا خۇشلۇق پاتمايدۇ.
بۇلبۇل بولۇپ شوخلىنىپ،
كۈلگىنىڭدە زوقلىنىپ،
سېنى سۆيگەن قەلبىمدە
مۇھەببىتىم قاينايدۇ.

ئانار كەبى مەڭزىڭدە،
ياشلىق نۇرى ئوينايدۇ.
بۇلاقتەك شوخ كۆزۈڭدە،
سۆيگۈ ئوتى چاقنايدۇ.
ھەر چاغ بىللە ئىشلىسەك،
سۆيگەن يارىم سەيدىگۈل،
كۈچى بىلەن سۆيگۈنىڭ
بىلەك ھەرگىز تالمايدۇ.

دەشتۇ - چۆللەر باغ بولسا،
مول ھوسۇللار تاغ بولسا،
بولار زىننەت ئامرىقىم،
گۈزەل، كۆركەم دەۋرانغا.
ئەل مېھرىگە چۆمۈلۈپ،
شەرەپ - شانغا كۆمۈلۈپ،
بىز يېتەرمىز سەيدىگۈل
شېرىن ئارزۇ - ئارمانغا.

# تال باراڭ

نۇرمەھەممەت جېلىل

سەگىتىپسەن يۈرەكنى،
جانغا راھەت تال باراڭ.
سەن تۆككۈسەن سېخى كۆز
شېرىن شەربەت،تال باراڭ.

سالقىنىڭدا جان ئانا،
ئەللەي ئەتكەن بوۋاقنى.
ئىجاد قىلغان يېقىملىق
قانچە ناخشا-قوشاقنى.

يېشىل مەخمەل ياپقاندەك،
سەن بىردىشقا يېپىشقان.
قەيسەر يىگىت، شوخ قىزلار،
قۇچىقىڭدا تېپىشقان.

ساپ ھاۋالىق باغرىڭدا،
ھايات قاينار تال باراڭ.
سەيلە قىلسام مەن سېنى،
جېنىم يايرار تال باراڭ.

# نېفىتلىككە بېرىڭلار

ھەسەن تىلىۋالدى

قالدىڭلارغۇ كېتەلمەي،
ئەگىپ بىزنىڭ دەلىنى.
ئەسىر قىلىپ سۆيگۈدە،
يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى.

سۆز تاشلىساق تەن ئالماي،
كېتىسىلەر قىزدىرىپ.
كېلىسىلەر ھەر كەچتە،
گويا توزدەك بېزىلىپ.

بىلىپ بولدۇق قىزچاقلار،
ئايان بولدى سىرىڭلار.
خالىساڭلار،بىز بىلەن
نېفىتلىككە بېرىڭلار.

# كىتاب

(ئۆسمۈرلەر ناخشىسى)

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بىلىم بۇلىقى چىن دوستۇم كىتاب،
چېچىلار سەندىن قەلبىمگە ئاپتاپ.

سەن بىلەن ئۆتەر ۋاقتىم چاغ مېنىڭ،
سەن بىلەن ھەردەم كۆڭلۈم باغ مېنىڭ.

ئۆزەڭ بىپايان رەڭمۇ-رەڭ ئالەم،
سەندىن كۈچ ئېلىپ بولىمەن ئادەم.



(تۇرمۇشتىن تەرمىلەر)

تۇردى سامساق

## «قۇرئان» ھەققىدە



«قۇرئان» ئىسلامىيەتنىڭ مۇقەددەس كىتابى، قۇرئاننىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى تارىخىي ئەھمىيەتلىك زور ئىش. بۇ زور ئىشنىڭ ئىجراسى پەقەت زامانىمىزنىڭلا ئۈمىد - ئارزۇسى بولۇپ قالماستىن، شۇنداقلا مىڭ يىللار داۋامىدىكى ئۇزۇن تارىخىي جەريانلاردا ياشاپ ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭمۇ ئارزۇ - ئارمانى، ئۈمىدى ۋە ئىستىكى بولۇپ كەلگەنىدى.

قۇرئاننىڭ نازىل بولغىنىغا ھازىر 1400 يىل بولدى. شۇندىن بۇيان مۇسۇلمان بولغان بىزنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىمىز قۇرئاننى ئوقۇپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ.

كىتاب ئوقۇش ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى كىتابنىڭ مەنىسى، مەزمۇنىنى چۈشىنىپ، تۇرمۇشقا تەدبىقلاپ ئوقۇش بولۇپ،

تۇرمۇش ئەينىكىدە

www.uyghurkitap.com

بۇ، كىتابنى جانلىق ئوقۇش...دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلى كىتابنىڭ مەنا، مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن قارىسىغىلا ئوقۇش بولۇپ، بۇ، كىتابنى ئۆلۈك ھالدا ئوقۇش... دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم دىنىي ئالىملارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىزدىكى مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەر شۇنچە يىللاردىن بۇيان قۇرئاننى جانلىق ھالدا ئەمەس، بەلكى ئۆلۈك ھالدا ئوقۇپ كەلدى...دېسەك ھېچبىر خاتا بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن: قۇرئان ئۆلۈك كىتاب...دېگەن مەنا ھەرگىز چىقمايدۇ، چۈنكى قۇرئاندا پەقەت ئېتىقاد ۋە ئىبادەتكە خاس ئايەت - ئىبارىلەر بايان قىلىنىپلا قالماستىن، شۇنداقلا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدىكە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، مەسىلەن: ئىنسانىي مۇناسىۋەت، ئىنساپ، دىيانەت، ئەدلۇ - ئادالەت، نازاپەت، ئىلمىي نۇجۇم، مېدىتسىنا، ئەخلاق - پەزىلەت، ئىلىم - مەرىپەت ۋە ھالال - ھارام ئەھكاملىرىغا ئائىت زۆرۈر ئىشلار توغرۇلۇقمۇ ناھايىتى ئۇرغۇن ۋە توغرا تەلىماتلار بېرىلگەن. ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ، بىزگە «ئۇلۇغ قۇرئان» مۇرەككەپ ۋە مۇشكۇل ئەرەب تىلىدا نازىل بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ھەرقانچە ئوقۇساقمۇ مەنىسىنى بىلمەي، مەزمۇنىنى چۈشەنمەي، ماھىيىتىنى ئۇقماي، ئوقۇغان ئايەتلەرنىڭ مەقسىتى - تەلىپىنى تۇرمۇشىمىزغا تەدبىق قىلماي، پەقەت مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىمىز، ئەقىدىمىز بويىچە قارىسىغىلا ئوقۇپ كېلىۋەردۇق. شۇنىڭ ئەسناسىدا، ئادەملەر ئارىسىدا «ئوقۇيمىز، بىلمەيمىز، لىسانى ئەرەب، مۇشكۇل تىل بىزگە...» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلارمۇ پەيدا بولغان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھۋاللارنى، ئارزۇ-ئارمانلارنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتكەن ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزى (1862-1924) دەك دانىشمەن ئۇستازلار قۇرئاننى ئۆز تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىش، ئۇنى چۈشىنىپ ئوقۇشنىڭ زۆرۈرلىكى، ئەۋزەللىكىنى بىلىپ، بۇ ئىشقا جىددىي كىرىشكەن بولسىمۇ لېكىن ئىستىبدات ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھامايىسىدىكى لەنىتى جاھالەت كۈچلىرىنىڭ قانلىق خەنجىرى داموللام ئەزىزدەك ئۇلۇغ زاتنى قەتلى قىلىش بىلەن، بۇ خىل زۆرۈر ئىش، ئوتلۇق ئىستەكلەر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بەزى ئىزدىنىشلەرمۇ ئەمەلگە ئاشماي كەلگەنىدى.

ئەمدىلىكتە ئاقىل ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نۆۋەتتىكى مۇنەۋۋەر ئىز باسارلىرىنىڭ بىرسى سۈپىتىدە ئىلىم مەيدانىغا كىرىپ كەلگەن مۇھەممەت سالىھدەك يېڭى كۈچلەرنىڭ جۈرئەتلىك ئەجرى بىلەن زامانىمىزنىڭ بۇ غەنىمەت پۇرسەتلىرىدە «قۇرئان كەرىم» ئۆز ئانا تىلىمىزدا كەڭ جامائىتىمىز بىلەن دىدار كۆرۈشتى. بۇنىڭدىن مەمنۇنمىز.

لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا قۇرئاننى جانلىق ئوقۇش، ئۇنىڭ ھەر بىر ئايەت - ئىبارىلىرىنى ئوبدان چۈشىنىپ، تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىمىزگە سېلىشتۇرۇپ (تەدبىقلاپ) يەنى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆزىمىزنىڭ ئادەتتىكى ئەمەلىيەتلىرىمىزگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئوقۇش بىز ئۈچۈن يەنىلا ھەرقاچانقىدىنمۇ زۆرۈر بولۇپ تۇيۇلماقتا. نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيمىز؟

شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەيمىزكى، ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيەتلىرىمىزدە مۇسۇلمانچىلىقنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان قۇرئاننىڭ تەلىماتى ۋە تەلىپىگە توغرا كەلمەيدىغان ئىللەت خاراكتېرلىك ناچار ئادەتلەر، ئەھۋاللار ئاۋۇپ بەزى ئادەملەرنىڭ ئىنساپلىرىمۇ ئاجىزلاپ، ئىمانى سۇسلىشىپ، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي - پەزىلەتلىرىمۇ ھەر كىملەرنى دوراپ پاسسىپلىشىپ، پاسكىنىلىشىپ «مۇسۇلمان» دېگەن مۇبارەك ئۇقۇمنىمۇ خۇنۇكلەشتۈرۈپ، غەيرىي دىندىكى بەزى كىشىلەردە بۆلەكچە چۈشەنچە ۋە ناتوغرا تونۇشلارنىمۇ پەيدا قىلماقتا.

ۋەھالەنكى، ئازساندىكى بەزى ئادەملەر قۇرئاننى جان بېقىش ماتېرىيالىغا، ئالدام-

چىلىق قورالىغا، ساختىپەزلىكنىڭ سەرمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇلۇغ قۇرئانىمىزنىڭمۇ، مۇسۇلمانچىلىقىمىزنىڭمۇ ئابرويىنى ئاجىزلاتماقتا. شۇنىڭ ئەسناسىدا بىزنىڭ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەملىرىمىز كۆپ ھاللاردا بەزى بىر ئايەتلەرنى يادلىۋالغان، ھەتتا قۇرئاننى قولتۇقلىۋالغان ساختىپەز، كاززاپ، ئالدامچىلارنىڭ دامىغا چۈشۈپمۇ قالماقتا.

يەنە شۇنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر دەپ ھېس قىلىمەنكى، ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا قۇرئاننىڭ تەلىماتىغا ۋە ئىنسانىي ھاياتنىڭ تەبىئىي مەنتىقىسى - قانۇنىيىتىگىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، ئەمما ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ، روھىمىزغا سىڭىپ قالغان ئەھۋاللار خېلى بار. شۇنداق ئەھۋاللار ئۈستىدىمۇ مەسىلە قويۇپ، مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقساق... دېمەكچىمەن.

ئەمما بىزدە شۇنداق يامان بىر ئادەت باركى، ئۇ بولسىمۇ بىرەر مەۋجۇد كەمچىلىك، خاتالىق ياكى نۇقسانلار توغرۇلۇق گەپ ئېچىلسىلا، نېرى - بېرىسىنى ئويلىنىپ باقمايلا: قاراپ تۇرۇپ ئۆز دىنىمىزنىڭ ئەيىبىنى ئۆزىمىز ئاچىمىزمۇ؟!... باشقىلار ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟... ھەي... ئۇيغۇر دېگەننى، مۇسۇلمان دېگەننى قويساڭچۇ!... دەپ قاپىشقا، ئەيىبلەشكە ئامراقلار ئاز ئەمەس.

ۋەھالەنكى، ئەيىبىنى ئاچسا «سەت» ئىكەنۇ، ھەر سەت ئىشلارنى قىلغاننى كىشىلەر كۆرۈپ «كۈلسە» چىرايلىقمىكەن؟

دېمەكچىمەنكى، رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى نۇقسان ۋە ئىللەتلەرنى تۈزەش، ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىنىشلارغا ئۆزىمىز مەسئۇل بولمىساق، جۈرئەت قىلمىساق ئاقىۋىتىمىز قانداق بولار؟

دېمەككى، ئىللەت تۈزەلمىسە، مىللەت تۈزەلمەيدۇ. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشنى كۆزىتىشلىرىم جەريانىدا يولۇققان ۋە سېزىلگەن بەزى مەسىلىلەر ھەم ئەھۋاللارنى، شۇنداقلا بەزى ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۆز قاراشلىرىم، چۈشەنچىلىرىمنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

مەن ئاددىي بىر ئۆگەنگۈچى، ئاددىي بىر يازغۇچىمەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇ دىنىي مەسىلىلەرگە ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدىم؟...

شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرىنچىدىن، مەنمۇ بىر مۇسۇلمان بالىسى بولغىنىم ئۈچۈن بۇ قەۋم ئارىسىدىكى ئىشلار ماڭىمۇ ئەلۋەتتە مۇناسىۋەتلىك... دەپ تونۇيمەن؛ ئىككىنچىدىن، مېنىڭ تۇرمۇش مەسىلىلىرى ۋە ئەھۋاللار توغرۇلۇق ئۆز قاراشلىرىم، چۈشەنچىلىرىم، تۇرمۇش ئۆگىنىشلەردىن ئىگىلىگەن تەجرىبە - ساۋاق ۋە تەسىراتلىرىم ھەم ئاز-تولا دىنىي ساۋاتىممۇ بولغىنى ئۈچۈن جامائىتىمىزگە ئاز - تولا پايدىسى تېگەر دېگەن نىيەتتە رېئال تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈشكە زۆرۈرىيەت ھېس قىلدىم. ئەھۋاللار ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ئىلاج بار بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنى، بەزى مەسىلىلەرنى بولسا، ئادەتتىكىچە ئېيتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنداش، قېرىنداشلارنىڭ توغرا بولسا تولۇقلىشى، ناتوغرا بولسا، تۈزىتىشى ۋە تەنقىد بېرىشى، پىكىرلىرى بولسا دوستانىلىق، مەردانىلىق بىلەن مەيدانغا قويۇشلىرىنى سەممىمىي سورايمەن.

## قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسى ھەققىدە سۆز

بۇ ئورۇندا ئالدى بىلەن شۇ بىر سۈرىنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىلىرىمىزگە بىر تەدبىقلاپ بېقىشنى بەكمۇ مۇۋاپىق كۆردىمەن. ئۇ «سۈرە مائۇن» بولۇپ، مەككىدە نازىل بولغان يەتتە ئايەت. قۇرئاننىڭ 107- سۈرىسى. ئۇنىڭ ئەرەبچە تېكىستىنىڭ ئوقۇلۇشى مۇنداق:

«ئەر ئەيتەللەزى يۇكەززىبۇ بىددىن؛ پازالىكەللەزى يەدئۇل يەتىمە ۋالا يەھەززۇ ئالاتائامىل مىسكىن؛ پەۋەيلۇل لىلمۇسەللىنەللەزىنە ھۇمئەن سالاتىھىم ساھۇن؛ ئەللەزىنە ھۇمىيارائۇنە ۋەيەمنە ئۇنەل مائۇن».

مەنىسى: دىنىنى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆر-

www.uyghurkitap.com

دۈگمۇ ①، ئۇ يېتىمنى دۈشكەللەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىپ قىلمايدىغان ئادەمدۇر ②③. شۇنداق نامازئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ ④⑤، نامازنى رىيا بىلەن ئوقۇيدۇ ⑥. ئۇلار قولقا بەرمەيدۇ ⑦.

بۇنى جانلىق تىلىمىزغا تېخىمۇ مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ تولۇقراق ۋە چوڭقۇرراق چۈشەنمەك بولساق بۇ سۈرە مۇنداق ئۇقۇملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

دىننى ئىنكار قىلغۇچى، دىندىن يۈز ئۆرىگۈچى ۋە دىندىن بەزگۈچىلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇلار ئۆزىدىن ئاجىزلارنى بوزەك قىلغۇچىلار، يېتىم-يېسىرلارغا ئازار بەرگۈچىلەر، ئاچۇزار مىسكىنلەرنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇغلۇق ئۇنى تويدۇرمىغۇچى ياكى تويدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلمىغۇچىلار ۋە بىرەر ھاجەتمەن نەرسە (قولقا) سورىسا بەرمەيدىغانلار ياكى ئۇنىڭ سورىغان نەرسىسى «بار تۇرسىمۇ» «يوق» دەيدىغان ئادەملەردۇر. مانا شۇنداق ئادەملەر ھەرقانچە ناماز ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇلار دىننى ئىنكار قىلغۇچىلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. يەنى ناماز ئوقۇيدىكەن دېسۇن ئۈچۈنلا رىيا ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. مانا شۇنداقلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ۋاي.

دېمەككى، دىننى ئىنكار قىلغۇچى... ئىكەن، ئۇنداق ئادەمنى قانداق مۇسۇلمان دېگىلى بولىدۇ؟... چۈنكى، ئۇ دىننى ئىنكار قىلغۇچى تۇرسا... شۇنداق ئادەملەر بىزدە بارمۇ، يوقمۇ؟!...

ۋەھالەنكى، تېخى نامازغا ئالغان تاھارەت بىلەن تۇرۇپلا ياكى جايىنامازدىن قوپۇپلا ۋە ياكى مەسچىتتىن چىقىپلا كىشىلەرنى تىللايدىغان، ئاجىزلارنى بوزەك ئېتىدىغان، يېتىم - يېسىر، غېرىب - غۇرۋالارغا ئازار بېرىدىغان، ھەتتاكى گۇناھ قىلمىسىمۇ ئاجىزلارنى، ئاياللارنى ۋە ئاياللىرىنى دۇمبالايدىغان، مۇشتلايدىغانلار؛ ئۆزى بولسا قۇرئاننى قولىدىن، ئايەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، نامازنىمۇ تەرك ئەتمەي ئوقۇيدىغانلار بارمۇ - يوق؟!... ھالبۇكى، ئۇنداقلارنىڭ ئوقۇغان نامىزىغا ۋاي... تۇرسا، ئۇنداق ئادەملەر ھەققىدە تېخى نېمە دېيىش كېرەك؟! مانا بۇنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ قۇرئاننى جانلىق ئوقۇماي، ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۈرمەي ئۆلۈك ھالدا ئوقۇغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. ئەگەر بىز قۇرئاننىڭ توغرا تەلىماتلىرىنى ئوبدان چۈشىنىپ، جانلىق ئوقۇغىنىمىزدا ئىدى، ئاشۇنداق ناتوغرا ئىشلارنىمۇ قىلماي، ئاتايىن ئوقۇغان ناماز، قىلغان تىلاۋەت-ئىبادەتلىرىمىزگىمۇ ۋاي... قىلماي، ئەمەلىي ئىشلىرىمىز ۋە ئادەتلىرىمىزمۇ ئىبادەتلىرىمىزگە لايىق، خۇلقى - مىجەزلىرىمىز مۇسۇلمانغا مۇناسىپ بولار ئىدى، ئەلۋەتتە.

## قۇرئاندا ھالال - ھارام مەسىلىسى

ھالال - ھارام ھەققىدە قۇرئاندا ئالاھىدە ئايەتلەر ئېنىق بايان قىلىنغان (بىز بۇ يەردە پەقەت ھاراملار توغرۇلۇق توختىلىمىز). لېكىن ئۇ ھاراملار ھېچقانداق دەرىجىگە ئايرىلمىغان. يەنى «ھارام» ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ھارامدۇر، مەسىلەن: خەقنىڭ ھەققى، يېتىم ھەققى، ھاراق، قىمار، زىنا، جازانىخورلۇق، رەمچىلىك، ئالدامچىلىق ۋە يېمەسلىككە بۇيرۇلغان نەرسىلەرنىڭ گۆش، ياغ، قانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «ھارام» دېيىلگەن.

ئومۇمەن ھاراملارنى مەس قىلىدىغان ھاراملار ۋە مەس قىلمايدىغان ھاراملار... دەپ چوڭ ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈش مۇمكىن. مەس قىلىدىغان ھاراملار: ھاراق، ئەپيۇن، نەشە، مەجۇن، كۆكنار قاتارلىق ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان، بىھوش، بىخۇد قىلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، بۇلارنى ئىستېمال قىلىش ھەقىقەتەن «قەبىھ» گۇناھ، چوڭ گۇناھتۇر. شۇنداقلا مەس قىلمايدىغان ھاراملارنى ئىستېمال قىلىشمۇ ئوخشاشلا «قەبىھ» يەنى چوڭ گۇناھتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەي مۇھەممەت، سەندىن ھاراق، قىمار ھەققىدە سورىشىدۇ. سەن ئۇلارغا: بۇنىڭ ھەر ئىك-

كىمى ئوخشاشلا چوڭ گۇناھ دېگىن». (سۈرە بەقەر، 219 - ئايەتتە). يەنە شۇ سۈرىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش قاتىللىقتىنمۇ يامان گۇناھتۇر...» مۇشۇنداق گۇناھلار بىزدە بارمۇ - يوقمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ مۇشۇ يېقىندا، بىر ئاشخانىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئاددىيلا بىر ئەمەلىيەتنى مىسال كەلتۈرگۈم كېلىدۇ.

ئاشخانىدا ماجىرا چىققىلى تاسلا قالدى، ئەھۋال مۇنداق ئىدى. ئۇ يەرگە بىرنەچچە مېھمان چاقىرىلغان بولۇپ، ساھىبخان بولغۇچى بىرنەچچە شىشە ئۈزۈم ھارىقى ئېلىپ كىرگەنىكەن. ئۇنىڭغا ئاشخانىنىڭ قارامتۇل، قارا بۇرۇت خوجايىنى قاتتىق خاپا بولۇپ مۇنداق سۆزلەيتتى:

— ھەر بىرلىرى ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىل دېيىشسىلە ھەرگىز ئايىمايمەن. ئەمما لېكىنزە مېنىڭ دۇكىنىمدا ھېلىقىنىڭدەك ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ، قەتئىي بولمايدۇ. ئۇنداق ھارام ئىشنى قىلىشقا بىز يول قويالمايمىز...

راست شۇنداق بولدى... «ئۈزۈم سۈيى بولسىمۇ، ئۇ شىشىگە قاچىلانغاندىمۇ، ھاراق دۇكىنىمدا سېتىلىدىمۇ؟... ئۇ ھارام...» بولدى-دە، يول قويۇلمىدى. بۇ توغرا، جەمئىيەت تەرتىپىگە پايدىلىق... مانا تاماقلار، تۈرلۈك سەيلەرمۇ كەلتۈرۈلدى.

ئەجەبكى، ئۇلارغا ئىشلىتىلگەنىنىڭ تەگدىن تولىسى كالا گۆشى ئىدى. ئەمما، ئاشخانىنىڭ ئالدىدا بولسا، بورداق قوينىڭ يوغان ئىككى قۇيرۇقى ئېسىقلىق تۇراتتى، «ئۇستام»نىڭ ئۆزى بولسا: پاخلاننىڭ، ساپ قوينىڭ... دەپ ئاغزى بېسىلماي توۋلايتتى.

ھالبۇكى، قوي گۆشى ئالتە كوي، كالا گۆشى تۆت كوي بولسا؛ ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى كوينى نېمە دېيىش كېرەك؟!...

ئۇقسام، ئاشخانا خوجايىنى بولغۇچى ھېلىقى بۇرۇتلۇقنىڭ ئېتى XXX بولۇپ، ئۇنىڭ تېخى قىمارنىڭ بىر ئاتالغۇسى سىڭىپ قالغان ئاجايىپ «لەقەمى»مۇ بار ئىكەن (ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ئۇ مۇبارەك لەقەمىنىمۇ ئېيتمايمەن).

ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئاشخانىسىدا ئون نەچچە ئادەم ئىشلەيدىكەن. ئۇ ئۇلارنىڭ ئىمكا ھەققىلىرىنى مۇۋاپىق بېرىدىكەن. ئەمما كېچىسى قىمار قىلىپ، چىكا -پوكا ئېتىش، چوتۇ، سەيسە، ھاۋدىزا ئېلىشلار ئارقىلىق پۇللارنىڭ تولىسىنى يەنە ئۆز يانچۇقىغا كىرگۈزۈۋالىدىكەن، قېنى، ئېيتىڭلارچۇ، بۇ ئىشلار ھالالمۇ، يا ھارامىمۇ؟!

«ھارام» بولىدىغان بولسا، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەس قىلمايدىغان ھاراملاردۇر، ئەلۋەتتە مەن مىسالغا بىر ئاشپەزنىلا كەلتۈرۈدۈم. لېكىن ئۇ ئەيىبكار ئەمەس، چۈنكى، ئۇ نادان.

ئەپسۇسكى، ئۇنداق ئىشلار ۋە ئۇ خىل «مەس قىلمايدىغان ھاراملارنى خالىغانچە ئىستېمال قىلىشلار «ئەنئەنە»دەك ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان-دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سىلىق ۋە تاتلىق. شۇڭا بىلىنمەي كېتىۋېرىدۇ. كۆزگىمۇ چېلىقمايدۇ. چۈنكى مەس قىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟!... سىلەر مۇسۇلمانلىق ئىنساپ بىلەن، ئىمان بىلەن، ۋىجدان بىلەن ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، شۇنداق مەس قىلمايدىغان ھاراملارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى ئوخشاشمايدىغان يول ھەم ئۇسۇل بىلەن ئوخشاشمايدىغان دەرىجىدە ئىستېمال قىلىدىغانلارنىڭ سانلىرى بىزدە ئازمۇ؟!

قۇرئاندا يەنە: سىلەر مەس چېغىڭلاردا مەسچىتكە ناماز ئۈچۈن كىرمەڭلار... دېيىلگەن.

دېمەك، مەس قىلىدىغان ھارامنى ئىستېمال قىلىپ، شۇ «قۇۋۋەت» بىلەن مەس بولغان چاغدا مەسچىتكە ناماز ئۈچۈن كىرىدىش دۇرۇس بولمىغىنىدەك، مەس قىلمايدىغان ھارامنى ئىستېمال قىلغان چاغدىكى «قۇۋۋەت» بىلەن قىلغان ئىبادەت، ئوقۇغان نامازمۇ دۇرۇس بولمىسا كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى «قۇۋۋەت» مەيلى مەس قىلىدىغىنى ۋە مەيلى

www.uyghurkitap.com

مەس قىلمايدىغىنى بولسۇن ئوخشاشلا هارام ئەمەسمۇ؟!

يېقىنقى ئېيتقاندا، مەس قىلىدىغان هاراملارنى ئىستېمال قىلغۇچىلارنى «هاراقكەشلەر» دېگەندەك، مەس قىلمايدىغان هاراملارنى ئىستىمال قىلغۇچىلارنى «هارامكەشلەر» دېيىلسە، مېنىڭچە دۇپ - دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، هەر ئىككى خىل هارامخور ئاپەتلەرنىڭ ئىستېمال قىلغانلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ هۆكمىچە ئوخشاشلا هارامدۇر. شۇ خىل هارام قۇۋۋەتبار بوي بىلەن قىلغان ئىش، هەرىكەت، تىجارەت ۋە تۆرەلگەن پەرزەنت توغرۇلۇقمۇ تەپسىلىي هەم چوڭقۇرراق، ئويلىنىپ ئەتراپلىق مۇهاكىمە قىلىپ كۆرۈش زۆرۈر، چۈنكى، شۇ ۋۇجۇدتىكى، شۇ ۋاقىتتىكى قۇۋۋەتنىڭ ئۆزى هارام تۇرسا...

بۇ مېنىڭ شەخسىي چۈشەنچەم ئىدى. بۇ هەقتە خېلى چوڭ ۋە ئۇقۇمۇشلۇق هەم ئاڭلىق، چىن هەقىقەتنى هىمايە قىلغۇچى بىرقانچە ئۆلىمالىرىمىز بىلەن پىكىرلىشىپ كۆرسەم، ئۇلار: راست، توغرا... دېيىشتى. چۈنكى ئۇلار جاهىل، نادان، قاراقورساق، هارامتاماق ئالدامچى، ئاقىنانچى ئەخمەقلەردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار مەمنۇنىيەت بىلەن «توغرا ...» دېدى. قېنى توغرا ئەمەس... دەيدىغانلار بولسىمۇ ئاڭلاپ باقارمىز.

ئەمدى مەن ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇچراتقان ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلەردىنمۇ بىر قانچىنى هېكايە قىلىپ ئۆتىمەن.

## ئۈچ مەزىننىڭ ماجراسى

«ن»شەهەردىكى چوڭ جامەنىڭ ئۈچ مەزىنى بار ئىدى. ئۇلار ئىمام، مەزىن ۋە خېتىپ ئۆتكەن ئاتىلىرىنىڭ ئىزىدا دەسسەشلەر ئارقىلىق مەزىن بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك ئىشنىڭ ساۋابلىرىنى بىرسى يەنە بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بەرگۈسى كەلمەي تالىشىپ، تىرىشىپ كېلىۋاتقانلار ئىدى.

ئاقىۋەتتە بەش نامازنىڭ، بولۇپمۇ بامدات بىلەن پېشىننىڭ ئەزىنىنى ئۈچ مەزىننىڭ بىر-بىرسىدىن قىزغىنىشىپ، تالىشىش ماجراسى خېتىپ ئاخۇنۇمغا خاپىلىق، ئەهلىي جامائەتكىمۇ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق كەلتۈردى. كاشكى، ئاللاهنىڭ ئۆزى نامازنى ئالتە قىلىۋەتكەن بولسىمىغۇ هەر مەزىنگە ئىككىدىن نامازنىڭ ئەزىنى تېگىپ، كەسىرسىز توغرا تەقسىماتقا ئىگە بولغاچقا، سىز هەركىم بويسۇنغان بولار ئىدى. ئەمما، ئۈچ مەزىنگە بەش نامازنىڭ ئەزىنىنى تەقسىم قىلىش تولىمۇ تەس بىر ئىش بولدى. بولۇپمۇ بامدات بىلەن پېشىننىڭ ئەزىنىنى تالىشىش تۈگىمەس ماجراغا ئايلاندى (جۈمەنىڭ ئەزىنىنى بولسا، قېرى مەزىن هېچقايسىسىغا بەرمەيتتى).

كۆپچىلىك كېڭىشىپ، بەش نامازنىڭ ئەزىنىنى ئۈچ مەزىنگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلغاندا قېرى مەزىن قايناپلا كەتتى. ئىككى مەزىنمۇ ئۆز لايىقىدا كوتۇلداشتى. شۇندا خېتىپ ئاخۇن داموللام ئۈچ مەزىننىڭ هەر قايسىسى بىلەن ئايرىم-ئايرىم سۆزلىشىشكە مەجبۇر بولدى.

سۆهبەتتە مەزىنلەر ماجراسىنىڭ سىرى ئېنىق مەلۇم بولدىكى، بامدات بىلەن پېشىنگە جىنازا نامىزى كېلىدىكەن، «كونۋېرت» بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟! بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

هالبۇكى، ئەزان-ساۋاپ ئۈچۈنمۇ ياكى سا-ناپ ئۈچۈنمۇ؟!

## «ئەۋلىيا كەپتۇ»

بۇ ۋەقە، مېنىڭ يېزىدىكى كۈنلىرىمدە بولغان.

«بىر ئەۋلىيا كەپتۇ، ئاجايىپ ئەۋلىيا ئىكەن، ئۇنىڭ بىر كىتابى بار ئىكەن، شۇنى ئېچىپلا هەر قانداق ئىشنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن، هازا، كازا...» دېگەن گەپ يېزىنى بىر ئالدى. ئادەملەر ئۇ ئەۋلىيانى بىر كۆرۈش، كىتاب ئاچقۇزۇپ بېقىش، بولسا ئۆيلىرىدە بىر كېچە قوندۇرۇۋېلىش هەققىدە گەپ-سۆز ۋە تەرەددۇتلارنى قىلىشاتتى. هەتتا ئۇ ئەۋلىيانى قوندۇرۇۋېلىشتا بىر-بىرسىدىن قىزغىنىۋاتقاندەك كەيپىياتلارمۇ ئىپادىلىنەتتى ۋە يەنە «ئۇ ئادەم كۆرۈنگەنلا كىشىنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدىكەن، پەقەت خۇدا كۆڭلىگە سالغان ئۆيىگىلا كىرىدىكەن. خالىسا قونىدىكەن، خالىمىسا

قونمايدىكەن. نەرسە بەرسە ئالمايدىكەن...» دېگەن گەپلەرمۇ قىزىدىپ باراتتى. بۇ چاغدا ئۆيىمىزگە مېنىڭ خېلى ئەقىللىق قېيىن سىڭلىم كىرىپ كەلدى، ئۇمۇ ئەۋلىيا ھەققىدە كۆرگەن، بىلگەنلىرىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
ئاپئاق ساقال ئۇ ئەۋلىيا ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇشتۇمتۇتلا كىرىپ كەپتۇ... ئاجايىپ ئادەممىش، يۈز-كۆزى ۋە ئاپئاق قاش، كىرپىك، ساقال-بۇرۇتلىرىدىنمۇ بىر تۈرلۈك نۇر چاقناۋاتقاندەك ئادەمنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ سۈرلۈك كۆرۈنەرمىش. ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىسا كىشىنى بىر تۈرلۈك سۈر بېسىپ، تەنلىرىگە تىترەك ئولىشارمىش...

ئۇ ئەۋلىيا ئۆيىگە كىرىپلا پەگادا تىك تۇرۇپ بىر دۇئا قىپتۇ، ئاندىن كاڭنىڭ بوپىسىغا چىقىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن خەتمە-قۇرئان قىپتۇ. لەگمەننىڭ ۋاقتى ئىكەن. بىرتەخسە يەۋەتكەندىن كېيىن«ھېكمەتلىك كىتاب»نى ئېچىپتۇ-دە، سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

—بۇ خاسىيەتلىك خانە ئىكەن، بۇ ئۆيگە ئامەت كېلەي، بەركەت ياغاي دەپلا تۇرۇپتۇ، بەخت يۈزلىنىپتۇ...،—دەپتۇ «ئەۋلىيا»، ئاندىن كىتابنى بىر يېپىپ يەنە يېڭىباشتىن ئاچقاندىن كېيىن ئاغزىنى مىتىلدىتىپتۇ-دە، سۆزلەپتۇ،—بۇگۈن يولدىشىڭىز بىر يەرگە سەپەرگە كېتىپتۇ. ھازىر يولدا ئىكەن...،— دەپتۇ، ئاندىن كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرۇپ،— سىز يەنە بىر يېرىم يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز، ئوغۇل خەيرلىك بولغاي، ئامىن...،—دەپ ئۇزۇن بىر دۇئا قىپتۇ. ئۇن، نان بەرسە ئالغىلى ئۇنىماپتۇ. پۇل، رەخت بېلەت، ئاشلىق بېلەت، ئەن رەخت بولسا ئالىمەن...،—دەپتۇ ئۇ «ئەۋلىيا».

—ئۆيدە پۇل ئازراق ئىكەن...،—دەيتتى سىڭلىم،—بولمىسا جىقراق قويماقچى ئىدىم. ئاران ئۈچ كوي پۇل، بەش مېتىر رەخت بېلەت ئالدىغا قويالىدىم...

—ئۇ كاپىردىن پۇللىرىڭىزنى دەرھال قايتۇرىۋېلىڭ...،— دېۋىدىم سىڭلىم چۆچۈپ كەتتى. ئېنىقىنى ئېيتقاندا «كاپىر» دېگىنىمنى ئاڭلاپ ئۇ قورقۇپ كەتتى. كېيىن مېنىڭ سۆزلىرىمگە قايىل بولغاندەك قىزىرىپ كۈلدى ۋە تېڭىرقاپ قالدى.

ئەل «ئەۋلىيا» دەۋاتقان ئۇ ئادەمنى مەن كۆرمەي تۇرۇپلا نېمىشقا «كاپىر» دېدىم؟ چۈنكى، ئەۋلىيا قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئۇ ئادەمنىڭ غايىبقا ھۆكۈم قىلىشى يەنى: يەنە بىر يېرىم يىلدىن كېيىن سىز بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرىدىكەنسىز...، دېگىنى كۇپرانىلىق، ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئالدامچىلىق، كاززاپلىق ۋە سېپى ئۆزىدىن مۇناپىقلىق ئىدى. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەربىر (ھامىلدار) ئايالنىڭ قورسىقىدىكىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ، يەنى ئوغۇلمۇ-قىزمۇ، بىرمۇ-كۆپمۇ، چوڭمۇ-كىچىكمۇ، چىرايلىقمۇ-سەتمۇ... ئۆمرى ئۇزۇنمۇ-قىسقىمۇ، ئۇنى بىر ئاللاھنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ» (سۈرە رەئد 8-ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

قۇرئاندا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «شۇنداق ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكى ئۈچۈن دىنىنى دەسمايە قىلىدۇ. مانا شۇنداق ئادەملەر مۇناپىقتۇر...» (سۈرە بەقەر).

شۇنداق مۇناپىقلارنىڭ دىنىنى دەسمايە قىلىپ، ئاددىي ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى ئالدايدىغان ئازابى، جاھالەت جەبىردىسى، نادانلىقنىڭ قۇلچىلىقى بىزدە ئازمۇ؟!... بىز زادى ئالدىنىشقىلا يارالغانمۇ؟ ھەركىم ھەرياڭزا ئالداۋەرسە مەيلىمۇ؟! ھەركىملەر سۆزىنىڭ راست-يالغىنى، ھالال-ھارىمىنى ئايرىمايلا ئىشىنىۋەرسەك بولامدۇ؟!

دېمەك، ھەر قانداق ئىش ۋە ئەھۋال ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئادەتلىنىش زۆرۈر ۋە لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا خاملىق، خاتالىقلاردىن خالى بولغىلى ۋە ئالدام خالتىلارغا چۈشۈشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەمدى يەنە ھېلىقى «ئەۋلىيا» توغرۇلۇق پاراڭغا كەلسەك، ئۇنىڭ شۇندىن كېيىنكى ئەھۋالى تېخىمۇ ئاجايىپ بولدى. خۇدا ئۇر-

www.uyghurkitap.com

غان «ئەۋلىيا»، ئۆز ئىچىلا مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى. كىردى-دە، بوسۇغا پەلەمپىيىدە تىك تۇرۇپلا دۇئاغا قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. مەنمۇ قەغەز، قەلەملىرىمنى دېرىزىگە قويۇپ، دەس تۇرۇپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەچ «ئەۋلىيا»غا باشتىن - ئاياغ سەپسېلىشقا باشلىدىم. ئوتتۇرا بوي بۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىدا ئۆز بەستىگە ئانچە خوپ كەلمىگەن ئۇزۇن ۋە كەڭ قارا چەپەرقۇت چاپان، بېشىدا قارا دوخاۋا تاشلىق ئېگىز تۇلكە تۇماق بولۇپ، بوينىغا ئالا بولماچ ئۇزۇن بىر لۆڭگىنى ئىككى مۈرىسىدىن ئالدىغا ساڭگىلىتىپ ئارتىۋالغان، ئاق ساقال - بۇرۇتلىرىمۇ سەلپەل سېرىقىغا مايىلراق، سومباتلىق بىر كىشى ئىدى. دۇئادىن كېيىن ئۇ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى-دە، «ئەسىر» (نامازدىگەر) ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. جايناماز راسلاپ بېرىلدى، ئۇ ئىككى رەكەت نامازنى ئۆتەپ بولۇپ، ئاندىن قۇرئاننىڭ «ئەممەيەتە سائەلۇن» سۈرىسىنى توغرا ۋە تولۇق تىلاۋەت قىلدى. قۇرئان ئايەتلىرىنى راسلا قىرائەت قائىدىسىگە مۇۋاپىق ئوبدان ئوقۇيالايدىكەن. ئاندىن ئۇ دۇئادىن كېيىن جاينامازدىن قوپمايلا ئارقىسىغا ئۆرۈلدى-دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ماڭا ناماز قائىدىلىرىنى ۋە سەپەر نامىزى «قەسرە» (قىسقارتىپ ئوقۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. مەن «ھە»دەپلا قويۇپ، ئۈن - تىنسىز تىڭشىماقتا ئىدىم. ئىچىمدە بولسا «ھە ئەيىنۇ، ئالدايدىغان ئادەمنى تازا تاپتىڭ، قېنى سۆزلە...» دەپ مىيىغىمدا كۈلەتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنى ئۇنىڭدىن ئوبدانراق بىلەتتىم...

ئۇ ئۆزىنى: ھاجى ھەرەمەيىن، ئۆلىما ئادەممەن... دەپ تونۇشتۇردى. مېنى ھە... قارى ھاجىم دېسە، ئۈرۈمچىدە بىلمەيدىغان كىشى يوق... دېدى. ھېچ ھىيىقمايلا دەۋاتقان بۇ «ئىبارىلەر» ئۇنىڭ ئۆلىما ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتى. چۈنكى، ھەقىقىي ئىلىم ئىگىلىرى ھەرگىزمۇ ئۇنداق كىبىرلىك گەپلەرنى قىلمايدۇ.

«ئەۋلىيا» ئۆيگە كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن:

—بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ، بۇ مۇبارەك خانىدا تائەت - ئىبادەتتە بولۇش، پېقىرنىڭ كۆڭلىگە ئايان بولدى... سىلە نېمە دەيدىكىن... دېدى.

خوپ، بولىدۇ... دېدىم.

— قۇلىقىم ئېغىر، چىڭراق گەپ قىلىڭلا...، — دېدى «ئەۋلىيا».

—خوپ...، — دېدىم. شۇندا ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سەل غەيرىيرەك بىر سۆزنى بوش ئاۋازدا ئاغزىدىن چىقىرىشىغىلا ئۇ قېرى، مولۇندەك كۆزىنى مۆللىدە قىلىپ غەلىتە بىر قارىدى. مەن ئۆيدىكىلەرگە «ئۆھۆ» دەپ يۆتىلىپ، قېرى قاقۋاشنىڭ گاس ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بەردىم. ئۇ قېرى شۇئان كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تازا مەنىلىك بىر قارىدى-دە، ئاندىن ئۈن - تىنسىز ھالدا قوۋۇشتۇرۇلغان ئىككى قولىنى قۇچىقىغا قويۇپ ئاستا مۈكچەيدى.

كەچتە تازا قىزىق بولدى. «ھە... قارى ھاجىم» خۇپتەننى ئوقىدى. ئوقىغاندا پەرزنى ئىككى رەكەتلا «قەسرە» ئوقۇپ، ئاندىن سۈننەت ۋە ۋىتىر ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئوقىدى.

—ئابىيام سەپەر نامىزى (مۇساپىر نامىزى) قەسرە ئوقۇلىدىغانلىقىنى دېۋىدىلىغۇ؟...، — دېسەم، ئۇ:

— ھېلىمۇ قەسرە ئوقۇدۇمغۇ؛ پەرزنى قەسرە ئوقۇدۇم...— دېدى.

—پەرز ئۇلۇغمۇ، يا سۈننەت بىلەن ۋاجىپ ئۇلۇغمۇ؟...— دېدىم مەن.

— ئەلۋەتتە پەرز ئۇلۇغ-دە، پەرز ئاللاھنىڭ ئەمرى ئەمەسمۇ؟...—دېدى ئۇ «ئۆلىما قارى ھاجىم».

— ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەمرىنى قىسقارتىپ ئازراق ئورۇنداپ، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىنى تولۇق ئادا قىلىش قايسى كىتابتا بار ئىكەن؟...، — دېۋىدىم «ئەۋلىيا» ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇندا مەن چۈشىنىشلىك قىلىپ مۇنداق دېدىم.

— ناماز شامنىڭ پەرزى ئۈچ رەكەتلا بولغىنى ئۈچۈن قىسقارتىلماي تولۇق ئوقۇلىدۇ. قالغان نامازلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا پەقەت پەرزى ئىككى رەكەتلا «قەسرە» ئوقۇلىدۇ-دە، قالغان سۈننەت، نەپلە ۋە ۋاجىپلارنىڭ ھېچقايسىسى ئوقۇلمايدۇ. (قىسقارتىلغان) سەپەر نامىزى «قەسرە» دېگەن مانا شۇ...، — دېدىم.

«ئەۋلىيا» ئىندىمەي ئېگىشكىنىچە پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ «ئۇلىما ئادەم» ئەمەسلىكى ئاشكارىلىنىپ بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭ تېخى بىرىنچى مەغلۇبىيىتى ئىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ھېلىقى ھېكمەتلەرنى ئالدىنئالا ئېيتىپ بىرىدىغان «كىتابىي ئەڭگۈشتەر» ئارقىلىق «ئەۋلىيا»لىق سىرىنى ئېچىشنىڭمۇ مىنۇتلىرىنى كۈتمەكتە ئىدىم.

كەچتە ئۇخلاشقا ياتار چاغدا «ئەۋلىيا» مېنىڭ قىزىمدىن:

— بالام، بابا سىزگە بەرگەن كىتاب قېنى؟...، — دەپ سورىدى، — بېشىمغا قويۇپ ياتاي... ئۇ ئۇلۇغ كىتاب ئاياغ تەرەپتە قالمىسۇن، — دېدى.

قىزىم ئېگىز تاختاي ئۈستىدىن كىتابنى ئالدى.

— مەن كۆرۈپ باقاي...، — دەپ قول تەگلىۋېدىم «ئەۋلىيا» تىپىرلاپ قالدى ۋە:

— تاھارەتلىرى بارمۇ؟... تاھارەتسىز كۆرۈشكە...

— ھەئە، تاھارىتىم بار...، — دېدىم. ئاگىنچە كىتابنى ئېلىپ بولدۇم.

«ئەۋلىيانىڭ كىتابى» نېمە ئىكەن... دېسەڭلا، ئىلگىرىكى زامانىدىكى «مۇختەسەر ۋاقائى» نىڭ ساغۇچ يېشىل رەڭلىك، ھەيۋەت نەقىشلىك مۇقاۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلىرىمۇ شۇ زامانلارغا تەئەللۇق تۈرلۈك ۋاراقلار ئىكەن. مەسىلەن: «ناۋايى»، «خوجا ھاپىز شىرازى»، «سوپى ئاللاھ يار» قاتارلىق شائىرلار كىتابلىرىنىڭ قىزىل، يېشىل، سېرىق، كۆك رەڭلەردىكى بىر نەچچىدىن ۋاراقلىرى ۋە قۇرئاننىڭ ئاق ھەم سېرىق ۋاراق نۇسخىلىرىدىنمۇ بىر نەچچىدىن بەتلەر بار ئىكەن. يەنە ئابدۇقادىر داموللام ئەزىزىنىڭ ئىپتىدائىي ساۋات ئۈچۈن چىقارغان «ئاقائىد زۆرۈرىيە» كىتابىدىن بىر نۇسخە بار ئىكەن. مەن ئۇلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ، بەزىلىرىنى ئۆز قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق ئۈنلۈك ئوقىدىم. ئاخىرىدا بەختىمگە ئاق ۋاراق قۇرئان بەتلىرىنىڭ بىرسىدە «ئەمە يەتە سائەلۇن» سۈرىسى ئۇچراپ قالدى. ئۇنى تازا تەجۋىد قائىدىلىرى بويىچە ئۇرغۇ ۋە تۇراقلىرىنى تولۇق چىقىرىپ راۋرۇس ئوقۇدۇم. ئوقۇپ بولۇپ ئالدىرماي يېپىۋاتقان چېغىمدا «ئەۋلىيا»غا ئاستا قارىغانىدىم، ئۇ كۆزىنى مىتتىدە قىلدى-دە، چىڭ يۇمىۋالدى. ئىككىنچى ئاچمىدى. دەنمۇ ئۇخلاشقا ياتتىم. يېرىم كېچە مەزگىلى ئىدى. «ئەۋلىيا» ئىنجىقلىدى. سورىۋېدىم، تالاغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى:

— ئاخشام غىزانى سەل زىيادە يەپ سېلىپتىمەن...، — دېدى ئۇ. قولچىراغنى ياندۇرۇپ ئېلىپ چىقتىم، كىرىپ ياتقاندىن كېيىن «ئەۋلىيا» ئاستا سۆزلەيتتى:

— ئۇكام، ئۆزلىرىگە ئىچ سىرىمنى دەي، قارايدىغان كىشىم يوق، غېرىب بىر بىچارىمەن. جاھانكەشتە ئادەممەن. بۈگۈن ئۆيلىرىدە قونۇپ قالدىم. تۇز-تائاملىرىنى يېتىدىم، شۇڭا ئۆزلىرىگە راستىنى ئېيتماي بولمىدى، سىلە بىلمىدىك ئىكەنلا، قانداق قىلاي ئۇكام؟... جاھاندارچىلىق...

يالغانچى «ئەۋلىيا»غا باشتا بەك ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا راستىنى ئېيتقىنى ئۈچۈن بىچارە قېرىغا ئىچىم ئاغرىپ، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولدى. ئويلاندىم؛ ئاچچىق ھەسرەتلەرگە پاتتىم. ئەتىسى چايدىن كېيىن چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدۇم.

## ئاجايىپ سەللە ۋە ئۇنىڭ «سىرى»

كىچىككىنە ناھىيىنىڭ كوچىسىغا ئاجايىپ يوغان سەللىسى بار بىر دەرۋىش پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قاۋۇل بەستى ۋە قوتاز قۇيرۇقىدەك ۋالىلداپ تۇرىدىغان قوڭۇر ساقىلى، مېڭىش - تۇرۇشلىرىمۇ بۆلەكچە بولۇپ، قولىدا شۇ سالاپەتلىك سەللە بىلەن

www.uyghurkitap.com

ساقالغا مۇناسىپ ئۇزۇن تەسبىھ، ۋە بىر ھاسىمۇ بار ئىدى. بۇ بۇيۇم ۋە سارپايلار ئۇنى خېلى سۈلەتلىك ھەم سۇرلۇك كۆرسەتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇ ئەمگەك ئورۇنلىرىغا، كېسەك قۇيۇۋاتقان، قوش ھەيدەۋاتقان، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىۋاتقان، يەر تۈزلەۋاتقان، قورۇلۇش قىلىۋاتقان يەرلەرگە بېرىپ - كېلىپ، ناۋايخانا ۋە ئاشخانىلارغىمۇ كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. بۆلەك چاغلاردا بولسا، كوچا - كويلارنىڭ بۇلۇڭ - بۇشقاقلىرى ئوخشاش خالىراق ئورۇنلاردا ئولتۇراتتى. ئادەملەر ئانچە-مۇنچە نەرسىلەرنى بەرسە ئالمايتتى ياكى ئالسىمۇ بالىلار ۋە غېرىب - غۇرۋالارغا بېرىۋېتەتتى. مۇنداق ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ئارىسىدا، بۇ «ئاجايىب ئىشان»، «ئۇلۇغ دەرۋىش»، «پەرىشتىدەك پەزىلەتلىك ئادەم» توغرۇلۇق تۈرلۈك گەپ - سۆزلەر خۇددى سەل سۈيىدەك يامراپ يۈرەتتى. ناۋادا شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ، ئۆلۈپ - تارتىپ قالىدىغان بولسا، بىزنىڭ خالايىق ئۇ زاتنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرۇپ، چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك گۈمبەز ياساپ «ئۇلۇغ مازار غوجام» قىلىۋالغانمۇ بولار ئىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇ دەرۋىش بەزى ئادەملەر بىلەن ئۇچراشقاندا نېمە ئۈچۈندۇر ئەتراپقا ئالاقزادىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن مۇناسىۋەتلەشكۈچىنى تاملارنىڭ كەينى ياكى دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا شەرەتلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل «سىرلىق ھەرىكەت» ۋە ئاجايىپ سەللە - سالاپەتلىرى ساقچىلاردا گۇمان پەيدا قىلدى - دە، ئارقىسىغا ئادەم چۈشتى.

ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى. دەرۋىشكە خېلىدىن «ئەڭ ئىشەنچلىك ئۈلپەت» بولۇپ كېلىۋاتقان، ئاددىي كىيىنگەن، ئۆزلىرى مۇنايىم، سۆزلىرى سىلىق ئاكا - ئۇكا ئىككى يىگىت خۇش كۈلۈپ كەلدى - دە، ئۇ كىشىنى مەۋلۇدقا قەدەم تەشرىپ قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دەرۋىشمۇ دەرھال ماقۇل بولدى. ئۇلار ئىززەت - ئىكرام بىلەن باشلاپ ماڭدى. ئارقا كوچىلارنى ئايلىنىپ، يان كوچىنى يانداپ، ساقچى ئىدارىسى بار كوچىغا كىرگەندە، بىردىنلا دەرۋىشنىڭ قورساق تولغىقى تۇتۇپ، «تەرەتخانا» توغرۇلۇق تەلىپىنى تەكرارلىدى.

— بىزنىڭ ھويلىدا ئوبدان ھاجەتخانا بار، ئۆيگە ئاز قالدۇق، يەنە ئازراق غەيرەت قىلسىلا تەخسىر...، — دەپ «ساھىپخانلار» يۆلەپ، يالۋۇرۇپ ماڭغۇزدى.

ئەمدى ساقچى ئىدارىسى ئالدىغا كەلگەندە ۋە ئۇنىڭ شىمالغا قاراپ تۇرغان دەرۋازىسىنى كۆرگەندە دەرۋىش نېمىشقىدۇر دىر - دىر تىترەپ زادى بولالماي، ماڭماي خۇددى قوشقۇنغا ئولتۇرغان ئېشەكتەك تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. «ساھىپخان»لار يانچۇقىدىن يان قورالىنى چىقىرىپ، ئىككى تاپانچىنى تەڭلا تەڭلىگەندە دەرۋىشنىڭ قورساق تولغاقلىرىمۇ توختاپ، سەللىسى سەل سىڭايان بولدى ۋە قولىدىكى تەسبىھ بىلەن تاياقمۇ يولغا تاققىدا چۈشۈپ كەتتى.

كارامەتنى كۆرۈڭكى، ئۇلار دەرۋىشنى دەرھال «مەۋلۇدخانا»غا ئېلىپ كىرىپ ئاختۇرغاندا ئاجايىپ يوغان ۋە سالاپەتلىك سەللىنىڭ قېتىدىن $1\frac{1}{2}$ كىلوگرام نېشە چىقتى. يوغان يانچۇقلاردىن بولسا پۇل...

مانا بۇ سالاپەتلىك سەللە، ساقال ۋە سۇرلۇك سۈلەتلەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان دەخلۇقنى مۇناپىقلار تائىپىنىڭ قايسى قاتارىغا قوشۇشقا بولار؟!...

## ئاداشقان كونۋېرت

ھاسا پىتى ئۈچ كۈنلۈك،
يەردە ئۆلسە باي كىشى.
ئەئىلەم باشلىق ناماز دەپ،
ئات چاپارلار مىڭ كىشى.
ئەئىلەمدە مۇددىئا پۇل،
مۇپتۇمدا مۇددىئا پۇل،
مۇد - مۇددى مۇددىئا پۇل...

(ئىمىر ھۈسەيىن قازى)

«XXX داموللاھاجىم»نىڭ بىر پۇتى باسماس بولۇپ قالغىنىغا بىرنەچچە يىل بولغان، ئۇ قولتۇق تاياققا چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمامەتچىلىكىنى باشقىلارغا بېرىشكە زادى ئۇنۇ-

ماي كەلدى. ئادەتتىكى نامازلاردىمۇ ئانچە ئەمەس، ئەمما جىنازا نامىزىنى بۆلەك بىر ئادەمنىڭ ئوقۇشىغا ئەسلا يول قويمايتتى. قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆزى ئوقۇيتتى. ئاغرىپ قالسا ئىنجىقلاپ، ھەسىرەپ، ھۆمىدەپ تۇرۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا بولسا، قولتۇق تاياققا تايىنىپ، بىر پۇتى بىلەن تۇرۇپ ئوقۇيتتى. ھەتتا جىنازا نامىزى يىراقتا بولسىمۇ بارماي قويمايتتى. چۈنكى ساۋاپتىن قالمايتتى-دە... بەزى پەرىز ئەيىملەرنى قازا قىلسا قىلاتتى-يۇ، ئەمما پەرىز كۇپايە بولغان جىنازا نامىزىنى ئەسلا تەرك ئەتمەيتتى. ھېيت كۈنلىرى بولسا، ئۆيىمۇ ئۆي «پاتىھە ئوقۇيتتى». يېنىدا ئوغلى ۋە يەنە بىر قارى دەيدەيچى بىللە بولاتتى. ئۇ قارى ساھىپخانىنى دالدىغا تارتىپ: «داموللا ھاجىمنى ھېيت كۈنى ئۆيىدىن قۇرۇق چىقارماسلىق...» ھەققىدە كۇسۇلدايتتى، بولمىسا مەن قەرز بېرىپ تۇرايمۇ يا؟...دەپ يانچۇقىنى كولىغان بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، داموللاھاجىمغا ئون كوي، ئوغلىغا بەش كوي ۋە ئۇ «دەيدەيچى» قارىمغا بەش كوي قويۇش ئادەتكە ئايلانغان...

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئارىلىقى شۇنچە جاي بولغان بىلەن XXX دىكى XXX ئاخۇنىنىڭ ئۆلۈمىنى ئاڭلاپ داموللاھاجىم تۇرالمايلا قالدى. چۈنكى ئۆلگۈچى قول-ئىلكىدە بار ئادەم ئىدى-دە...بىللە بېرىشقا ئېشەك ھارۋىسى ئوبدانراق ئا XXX قارىنى لايىق كۆرۈپ مەقسىتىنى دېۋىدى، ماقۇل بولدى.

— گاختىدا يولغا چىقايلى دېدى داموللاھاجىم.—گايىت مەزىنىمۇ بار...،—دېگەننى قوشۇپ قويدى. ئۇلار «گاختىدا بېرىپ» ئۆلۈكنى ئۇزىتىپ، ئۇتتۇقلۇق قايتتى. ئۇزاق يولدا ئېشەك ھارۋىلىق كېتىۋېتىپ قورساقلىرى ئاچتى. شۇندا نېرىدىن بىر جاڭزا كۆرۈندى.

— ئاشۇ باي بىر تۈنگاننىڭ جاڭزىسى، شۇ تۈنگاننى كولدۇرلىتىپ قورساقنى بىر تويغۇزمايمىزمۇ؟...ھارۋىنى شۇ يان تارتسىنا!...،—دېدى داموللا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام... دەيتتى داموللا ھاجىم، — سېنىڭ داداڭ ماسۇنخۇا ھاجى مېنىڭ چۈشۈمگە كىردى. شۇڭا مەن سېنى يوقلاپ كەلدىم.

ما××× بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن قىلغىلى قىلىق تاپالمايلا قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى ماسۇنخۇا ھاجى بۇ داموللىنى بەكچۈك بىلەتتى.

— مەندە دادىڭىزنى كۆرگەن داناخۇن، دادىڭىزنىڭ دوستى...دەپ، ما××× ئۆيىدىكىلەرنى پايپېتەك قىلىۋەتتى ۋە دەرھال توخۇ سويدى.

ئۇزاش چېغىدا ما××× ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىردىن ئۈچ كونۋېرت قويدى ۋە ئالاھىدە ئىلتىپاتلار بىلەن يولغا سالدى. قايتا-قايتا تەۋەززۇلار بىلەن ئۇزىتىپ قالدى.

بىر يەرلەرگە بارغاندا داموللا ھاجىمنىڭ تەرىتى قىستىدى. ئۇنى ئا××× قارى بىلەن مەزىن ئادەتلىرىچە قولتۇقىدىن يۆلەپ چۈشۈردى-دە، مۇۋاپىق جايغا يوللىدى. داموللا ھاجىم دالدىدا ئىنجىقلاپ ئولتۇرغىنىدا بىردىنلا ھېلىقى تۈنگاننىڭ قويغان كونۋېرتى يادىغا يەتتى-دە، «قانچە قويدىكىنا؟...» دەپ، ئىچيانچۇقىدىن ئاستا ئېلىپ كۆرۈپ باقتى. بىر كوي! يەنە قارىسىمۇ شۇ.

—پەس تۈنگاننى!... شۇنچە ئۇزۇن سۈرە ئەرراخماننى ئوقۇسام، ھاجى دادىسىنىڭ ئېتىنى ئاتاپ دۇئا قىلسام بىر كوي قويغاننى ھە!... مۇشۇ كۈندە ئىنسانلاردا ئىمان سۇسلاپ، ئىنساپ ئازلاپ كېتىپ باردۇ. بىر كوي قويغىنىنى قارىمامدىغان بۇ پەسەندە تۈنگاننىڭ... ھەي!... بۇ كونىگىرت ئالمىشىپ كەتكەنمىدۇ يا!...

ئۇ— چالا چىقىرىپلا قوزغالدى-دە، ھارۋا قېشىغا كەلدى ۋە ئازراق ئارام ئالايلى دەپ، دۆڭ تۈۋىدە ئولتۇردى. بۇ چاغدا مەزىنگە ئۈچىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ قامچىسىنىڭ يەنە بىر ئۈچىنى ئېشىۋاتقان ئا××× قارىنىڭمۇ ئىشى تۈگەپ، قوللىرى بوشىدى. داموللا ھاجىم مەزىنگە كونۋېرتنى كۆرۈپ بېقىشنى دېۋىدى. مەزىن قويۇن يانچۇقىدىن ئېلىپ ئاق كونۋېرتنى ئاچتى، بەش كوي چىقىۋېدى. ئۇ كۈلدى، داموللام بولسا، داڭ قېتىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ:

— ئا... ئا... بۇ... بۇ مېنىڭ كونىگىرتىم، ئالمىشىپ قالغان ئوخشايدۇ.

— بۇ ... يوقسۇن، تە... تەخسىر ...، — دەيتتى مەزىن

— ئا... ئا ××× قارى سىزمۇ ئېچىپ باقسىنا...، — دېدى داموللا ھاجىم.

ئا ××× قارىنىڭ كونۇپىرتىدىن چىققان ئۇن كويلۇقنى كۆرۈش بىلەن داموللاھاجىمنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچەيدى - دە:

— بۇ مېنىڭ ... چوقۇم مېنىڭ ... بونى بىزگە قويغىچە كاپىر تۇنگان ئاداشقان ...، — دېدى - دە، داموللاھاجىم ئۇنى بىر كويلۇققا ئالماشتۇرۇشقا قول ئۇزاتتى. ئا ××× قارىمۇ بوش كەلمەي:

— پۇلنى قويغان تۇنگانمۇ بىلىپ قويغاندۇ تەخسىر؟ ... بۇ ھاۋا بىلەن جاپا تارتىپ ئېلىپ كەلمىسە، ئاقساق ئاخۇن قانداق كىلەلەيتتى؟ ...، — دەپ ...

— ياق ... ياق ... ئۇ ... ئۇ چوقۇم مېنىڭ، ئەكىلىڭ ...

ماجرا كۈچەيدى، مەزىن ئۆزى ھوجۇمدىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولدى - دە، داموللىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، ئۇلار ئا ××× قارىنى ئىككى تەرەپلەپ قىستاشقا باشلىدى. شۇندا پۇرسەتنى پەملىگەن ئا ××× قارى ئاقتۇمشۇق ئېشەكنى بىر قامچا سالدى - دە، قاچتى.

— ھاي ... ھوي ... قا ... قارى، ھاي ... قارغىۋېتىمەن ...

— خىت چۇ ... قارا ئېشەك قويۇندەك باراتتى.

— ھاي ... قارى قارغىۋېتىمەن. قولۇمنىڭ كەينىدە دۇگا قىلىۋېتىمەن، جۇگايىنىمەك.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە ئا××× قارىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قويدى. قولتۇق تاياقلىق توكۇر داموللىنى يۆلەپ مەزىن كېلەتتى. ئۇلار تەرلەپ - تەپچىرەپ ئۆلگۈدەك ھاردى. دەرغەزەپ داموللا دەيتتى:

— خەپ ئىنسابسىز كاززاپ! ...

كەچ كىرمەكتە. ھېچقاياقتىن ھاۋا يا تراكتورنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. داموللاھاجىنىڭ ئەنسىبى ئۆرلىدى:

— ئەستاغپىرۇللا ...

ۋا، ئەجەبا، بۇ ماجرانى نېمە دېگۈلۈك؟!

## مەۋلۇدتىكى ماجرا

تۇغقانلىرىمىزدىن بىرسى مەۋلۇد ئۆتكۈزمەكچى بولۇپتىكەن، مېنىمۇ چاقىرىپتۇ، باردىم. ئۇقسام ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسى چۈشىگە كىرىپ قاپتۇ. شۇڭا مەۋلۇد ئۆتكۈزمەكچى بولۇپتۇ. ئاڭلاپ كۈلدۈم. نېمە ئۈچۈن؟ ... شۇنىڭ ئۈچۈنكى «ئۆلۈم» مۇناسىۋىتى بىلەن مەۋلۇد ئۆتكۈزۈش كۈلكىلىك بىر ئىش. شۇنداقتىمۇ ئاۋۇ تۇغقىنىمىزغا گەپ قىلمىدىم. چۈنكى ئۇ ناھايىتى نادان، ئۆمرىدە بىرەر كۈنمۇ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، قارا قورساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچىغا چىققان تەرسا، جاھىل، راستگەپكە زادى ئۇنىمايدىغان، نەدە يالغان - ياۋىداق، پىتنە بولسا ... شۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق، خۇراپاتنى خۇدا قىلىدىغان نادانلارنىڭ ئەڭ نادىنى ئىدى. ئۇنىڭغا كىتابىي گەپ قىلىش گۆھەرنى تاشقا ئۇرغاندەك بولاتتى ھەم ھازىر مۇۋاپىق ۋاقىت ئەمەستى. شۇڭا گەپ قىلماي داستىخىنىغا داخىل بولدۇم. بۇ ئارىدا مۇشۇ مەۋلۇد مۇناسىۋىتى بىلەن بىر مۇنچە ئەھۋاللار بولۇپ ئۆتتى. ئۇ ئەھۋاللارنى ئېيتمىشتىن ئاۋۋال ئۆزۈمنىڭ مەۋلۇد ھەققىدىكى چۈشەنچەمنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى ئوشۇق كۆرمەيمەن.

مەۋلۇد دېگەن نېمە؟ ئۇ، قاچان ۋە قانداق پەيدا بولغان؟...

مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە بارغاندا مەدىنىلىكلەر رەسۇلۇللانى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن «مەۋلۇد» (مەدھىيە مارشى) ئوقۇغان. مەۋلۇد ئوقۇلۇۋاتقاندا تازا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭدىكى: سالىۋاتۇللا ئەلەيكە ... يانەبى ... يا رەسۇل مۇبارەك ... دېگەن جۈملىلەر ئەنە شۇنداق مەدھىيە سۆزلىرى ئىكەنلىكى، يەنى: يارەسۇلۇللا سىنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىپ كېلىشىڭ خاسىيەتلىك - مۇبارەك ئىش ... دېيىلىۋاتقانلىقى ئۆزلۈكىدىن چۈشىنىشلىكتۇر. بۇ خىل شەخسكە مەدھىيە ئوقۇشنى رەسۇلۇللا راۋا كۆر-

www.uyghurkitap.com

مەي؛ ھەممە ھەمدۇ - سانا پەقەت بىر ئاللاھقىلا خاستۇر ... دەپ مەۋلۇد ئوقۇشنى (شەخسكە مەدھىيە ئوقۇشنى) ئەمەلدىن قالدۇرغانىكەن. بىزدە، ھازىرقى كۈندە ئۆلۈم بولسا «مەۋلۇدئوقۇش» قىزىپ كېتىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، بىر تەرەپتە ۋاي دادام ... ياكى ۋاي ئاپام ... دەپ يىغلاۋاتسا، يەنە بىر تەرەپتە: سېنىڭ قەدەمتەشرىپ قىلىشىڭ مۇبارەك ... دەپ مەدھىيە مارشى ئوقۇۋاتىمىز.

مەۋلۇد ئوقۇش رەسۇلۇللانىڭ تۇغۇلغان ئايلىرىدا بولسا، مۇۋاپىق. بولمىسا ئۆلۈم بولۇۋاتسا مەۋلۇد ئوقۇشنىڭ ئۆزى خۇددى جاندار ئۆلۈۋاتسا، بىر نېمىسى غىجەك تارتىپتۇ ... دېگەندەكلا بىر ئىش.

ئەمدى قايتىپ ھېلىقى تۇغقاننىڭ ئۆيىدىكى مەۋلۇدقا كەلسەك، ئۇ يەرگە يىغىلغانلار يىگىرمىچە ئادەم ئىدۇق. ئاردىدا مۇنداق سۆزلەر باشلاندى.

— بىزنىڭ بۇ مەسچىتتەۋەسىدە ××× لىقلار جىق تۇرسا، بىز ئۇ ××× يۇرتلىقنى نېمىشقا ئىمام قىلىمىز؟ ... ئۇنىڭ بىلىمىمۇ تايىنلىق، بىزنىڭ ئا ... ئاخۇندىن ئارتۇق ئەمەس ... بىزنىڭ ئا ... ئاخۇن قۇرئان دېگەننى ئۇنىڭدىن ئوبدانراق ئوقۇيالايدىغان تۇرسا! ...

پاكىنەك، پىت كۆز بىرسى سۆز قىستۇردى:

— ئۇ ××× لىق، ئىمام بولدۇم دەپ تازا باي بولدى. مەسچىتنى رېمونت قىلدۇرىمەن دەپ جامائەتتىن ئۈچ نۆۋەت پۇل يىغىش قىلدى. ھېيت بولسا، يەنە شۇنى دەپ، ئېتەك ئاچتى قىلىپ پۇل يىغىۋالىدۇ. بۇلتۇر يەنە ھەجگە بارىدىغان بولدۇم، ئۇلۇغ سەپەرگە نىيەت قىلىپ قالدىم جامائەت ... دەپ، يالغان يىغىدىن بىرنى يىغلىۋېدى، كۆپىنىڭ كۈچى كۆپ ئىكەن. پۇل دېگەن يېغىپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ ...

يەنە بىرسى سۆز قىستۇردى:

— خەقتىن پۇل يىغىش قىلىپ بارغان ھەجمۇ ھەج بولامدۇ؟...

ھېلىقى پاكىنەك سۆزنى تارتىۋېلىپ، تېخىمۇ ئەزۋەلەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەجدىن... ئۇ ھەجدىن، ھەرەمنىڭ سىرىدىق سەللىسىدىن بىرنى يۆگەپ كەلگەندىن كېيىن نېمە قىلدى دېسەڭلا. ھەجگە ماڭار چېغىدا يوللۇق تۇتالمىغان، دۇئاسىنى ئالالمىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە پەتىگە بارغان بولۇپ، ئۇلارغا «ھەرەمنىڭ تەۋەررۇكى»دەپ ئانچە-مۇنچە بىر نېمىلەرنى تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە يەنە كۆپ نەرسىلەرنى ئۈندۈرۈۋالدى. ئوقساق ئۇ نېمىلىرى ھەرەمنىڭ تەۋەررۇكى ئەمەس، كۇلىنىڭ(ئىچكىرىنىڭ) ئۈچ-تۆت موچەنلىك جاماجانلىرى ئىكەن...

ئىغۋا ئاۋۇپ - كۆچىيىپ بىر يەرلەرگە باردى. بۇ چاغلاردا مەنمۇ ئاردىلاشتىم:

— رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن...،— دەپ چىڭ سۆزلىدىم مەن. چۈنكى شۇنداق قىلمىسام پىتنىلەرنى پەسەيتكىلى، غازۇر-غۇژۇرلارنى باسقىلى، دىققەتنى جەلپ قىلغىلى بولمايتتى. رەسۇلۇللانىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن ھەممىسى شۈك بولۇشتى.

— ھەزرىتى رەسۇلۇللا دۈشەنبە كۈنى تۇغۇلۇپ، يەنە دۈشەنبە كۈندە ۋاپات بولغان. ۋاپاتىدىن بەش كۈن بۇرۇن، يەنى چارشەنبە كۈنى مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن ئۇممەتلىرىمنىڭ دىنىدىن قايتىپ مۇشرىك بولۇپ كېتىشىگە ئىشەنمەيمەن. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيا ئەت تالىشىپ بىر-بىرىنى قىرىشلىرىدىن ئەنسىرەيمەن...

«مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى» دېگەن كىتابتا«ئەي خالايىق!... مۆمىنلەر بىر-بىرىگە قېرىنداش. قېرىنداشنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمىگەن مېلى ھېچكىمگە ھالال ئەمەس... مەندىن كېيىن مۇرتەد بولۇپ، بىر بىرىڭلارنى قىرىدىغان كاپىر بولماڭلا!» دەپتۇ...

— بولدى-بولدى... باياتىن بولۇنغان گەپلەرنىڭ تولۇق جاۋابى كىتابلاردا ئاللىقاچان بېرىلگەن ئىكەن...،—دەپ كۈلدى ئېگىز بويلۇق«ج».

— ئاھ ئۇيغۇرا!... نادانلىق ئاپىتىنى قاچانمۇ چۈشىنىپ يېتەرسەن؟!...

www.uyghurkitap.com

## كىم كاپىر؟

ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ماڭغان ماشىنا توقسۇن تەۋەسىدىكى غىلاڭ تاشلىقىدىن ئۆتۈپ باراتتى. يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مۈگدەپ، بەزىلىرى ئۆز ئارا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. شۇندا بىر ئادەم «چۆلگە كىرسە ياخشىرى، سۇغا كىرسە يا ئىلياس» دەپ كىرىش ھەققىدە سۆز باشلىدى. مۇنداق قارىسام ئۇنىڭ بوي-تۇرقى خېلى قاملاشقان، ساقال-بۇرۇتلىرىنى مەخسۇمچىسىگە ئېپچىل ياساتقان، قاما تۇماق ۋە مەخسۇمچە كەمزۇل كىيىپ، مەيدىسىگە سائەت زەنجىرىنى ساڭگىلىتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئالدىراپراق سۆزلەيدىغان تەلەپپۇزىدىن قەشقەرلىق ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. مەن ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىگە قاراپ ئۇنىڭ دىنىي قىياپەتكە كىرىۋالغان بىر مۇغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتاتتىم، ئاڭغىچە نېرىدا كۆرۈنگەن دۆڭلەرنىڭ كارىز توپىسى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز چىقىۋىدى، ھېلىقى ئادەم يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يەرلەردىن ئۇلۇغ ئاپپاق خوجام ھەزرەتلىرى ئۆتكەندە كالۋا تۇرپانلىقلار ئۇ زاتنىڭ تاھارىتىگە سۇ بەرمىگەنىكەن، شۇ چاغدا ئاپپاق خوجام ھەزرەتلىرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: ئاستىڭ كۆل، ئۈستۈڭ چۆل بولغاي ئامىن ئاللاھۇئەكبەر دەپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن بىر دۇئا قىلىۋەتكەنىكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرلەرنىڭ سۈيى يەرنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن...، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن ئىچىمدە كۈلەتتىم. چۈنكى مەخسۇمچە ياسىنىۋالغان ئۇ ئادەمنىڭ ئادەتتىكى نادانلا ئەمەس، بەلكى جاھالەتنىڭ جاھىل مۇرىتى، خۇراپاتنىڭ تازا ئۇچىغا چىققان ئەخمەق، ئاڭسىز تەرغىباتچىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەكتە ئىدىم. ئەمدى ئۇنى ئۆزىنىڭ شۇ ئەخمىقانە خۇراپىي ئەقىدىسى بويىچە مات قىلماقچى بولدۇم-دە، ئاستا سورىدىم:

— ئاپپاق خوجام دېگەن كىم ئۇ؟

— ھىم...، — دەپ ئىچىنى بىر تارتىش بىلەن ماڭا مۆلمىدە قارىدى ئۇ ئادەم مېنىڭ نەلىك ئىكەنلىكىمنى «جىددىي سوراپ» ئۇققىنىدىن كېيىن، — قەشقەرلىق تۇرۇغلۇق بىر مۇسۇلمان بالىسىنىڭ ئاپپاق خوجامدەك ئۇلۇغ بىر زاتنى «بىلمەسلىكىمنى» ئاڭلىق قىلىپ غەزەپ بىلەن غەلىتە بىر تۈرلۈك كۈلدى ۋە كۆز قىرىدا قەھرىلىك قاراپ غۇدۇرىدى.

— ئۇ ئاپپاق خوجامنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئېتى نېمە؟...، — دېۋىدىم، مەخسۇمنىڭ مىجەزى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— ئاپپاق خوجامنىڭ ئېتى ئاپپاق خوجام بولمامدۇ؟!... ئۇنداق ئۇلۇغ زاتنىڭ يەنە قانداق ئېتى بولماقچى؟...، — دەپ قاپىقىنى تۈرۈپ سەت ھومايدى ئۇ.

— شۇنچە خەلقنىڭ سۈيىنى بىر دۇئا بىلەن قارغاپ يەرنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈۋەتكەن ئادەممۇ ئۇلۇغ ئادەم بولامدۇ؟... دېۋىدىم، مەخسۇم:

— يا ھەزرەت، ياپىرىم. تۇۋاقىلىدىم خۇدايىم...، — دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ تەتۈر قارىۋالدى. كىشىلەر كۈلۈشكە، بەزىلىرى ماڭا «غەلىتە» قاراشقا باشلىدى. ھېلىقى مەخسۇمنىڭ:

— قىپقىزىل كاپىر ئىكەن، دىدارىغا قارىماڭلار، گۇناھقا پاتىسىلەر...، — دەۋاتقىنىنى ئاڭلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا سۆڭگۈچىنى سىڭايان قىلىپ ئولتۇردى. يول بويى شۇنداق قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە سالام بەرسەم ئىلىك ئالماق بۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئەپتىمگەمۇ قارىماي قاپاقلىرىدىن قارىياغدۇرغان مەخسۇم سۈپەت مەخلۇق يېنىدىكىلەرگە يەنە مېنى كۆرسىتىپ:

ـقىپقىزىل كاپىر ئىكەن...ـدەپ كوتۇلدـ
ىغان پېتى ئۇ «تەقۋادار مۇسۇلمان» نامازغا
تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ قاراشەھەر
دەرياسىغا قاراپ كەتتى.

«ئاپپاق خوجام» كىم ئىدى؟

ئاپپاق خوجا ـ غەۋسىل ئەئزەمنىڭ تەرىقەت
تەلىماتىنى (ئىشانلىق، دەرۋىشلىك، تەركىي
دۇنيالىق تەرغىباتىنى) تارقاتقۇچى ئوتتۇرا
ئاسىيالىق ئۆزبېك مەختۇم ئەزەمنىڭ نەۋرىسى
يۇسۇپ خوجىنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا
بولۇپ، بۇ ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ ئۆزى شىنجاڭـ
نىڭ قۇمۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. كېيىن
قەشقەرگە بېرىپ، چوڭ خانىقا سېلىپ، يوغان
داشقازانلاردا ئوماچ قاينىتىپ، غېرىب ـ غۇرۋا،
ئاقساق ـ چولاقلارغا ۋەھالەنكى بەزى ھورۇن
تەييارتاپلارغىمۇ «تەييار تاماق» بېرىشلەر
ئارقىلىق نادان ئاممىنى ئالداپ ئەگەشتۈرۈپ
سوپىزىمنى كەڭ تارقاتقان. شۇ يول بىلەن
ئەمگەكچى خەلقنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن يەر ـ
زېمىن ۋە بايلىقلىرىنى «ۋەخپە»، «ئۆشرە ـ
زاكات» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىگىلەپ ئالغان...

ئاقىۋەتتە شەرىئەت بىلەن تەرىقەت ئوتتۇرىـ
سىدا مەنپەئەت ماجىراسى مەيدانغا كېلىپ،
چوڭ توقۇنۇش بولغان. ئۇنىڭدا يېڭىلىپ
قاچقان ھىدايىتۇللا خوجا ھەدەت ئىلەپ تىبەتكە
(شىزاڭغا) بارغان. شىزاڭنىڭ شۇ چاغدىكى لاماـ
سى دالاي5نىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن. ئۇ لاما
ھىدايىتۇللا خوجىغا «ئاپاق خوجا» دەپ ئۇنۋـ
ان بېرىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى جۇڭغار
ھۆكۈمرانى قۇنتەيجىگە ھاۋالە قىلىپ «مەخسۇس
مەكتۇپ» يېزىپ بەرگەن. قۇنتەيجى ئۆزىنىڭ
سەركەردىسى غالدان سىرىن قوماندانلىقىدا
نەچچە مىڭ موڭغۇل لەشكىرى ئارقىلىق ھىدايـ
ىتۇللا خوجىغا ياردەم بەرگەن. مۇزات ئارقىلىق
موڭغۇل يۈلەكچىلىرىنى باشلاپ جەنۇبىي شىنـ
جاڭغا چۈشكەن «ئاپاق خوجا» (ھىدايىتۇللا ئىـ
شان) ئۇ قالماقلار (شۇ چاغنىڭ ئاتالغۇسى)
نىڭ قىلىچى ئارقىلىق قەشقەر، يەكەنلەرنى
قانغا بوياپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان. شۇنـ
دىن كېيىن جاھالەتنىڭ مەرەز ـ مىكروپلىرىنى،
سوپىزىم خۇراپاتىنى كەڭ تارقاتقان.... شۇنىڭ
بىلەن ۋەخپە، ئۆشرە ـ زاكات، خەيرى ـ ساخاـ
ۋەت... يوللىرى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ
ناھايىتى نۇرغۇن يەر ـ زېمىن، باغ ـ ۋاران
ۋە مال ـ مۈلۈك، دۇنيا ـ دەپىنىلىرىنى قولغا
كىرگۈزگەن. ھەتتا ھەر يىلى پەقەت ۋەخپە يەرـ
لەردىنلا نەچچە مىڭلىغان چارەك ئاق ـ قارا ئاش
ئامبارلارغا كىرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن....

ھالبۇكى، ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپاق) نىڭ
ئۆتكىنىگە تېخى بىر نەچچە يۈز يىللار بولغان.
ۋەھالەنكى ئۇنىڭ گۈمبىزىنى ۋە داشلىرىنى
ئاش بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان ھېسابسىز ۋەخپە
يەرلىرىنىڭ ئۆمرى تاكى يەر ئىسلاھاتىغا قەدەر
داۋاملىشىپ كەلگەن تۇرسا، شۇنداق سوپىنىڭ،
ئەقەللىسى بىر ئادەمنىڭ بىر دۇئاسى، بىر قاـ
غاش بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەقدىرىنى
ئۆزگەرتەلىشى زادى مۇمكىنمۇ؟!!!

سىلەر ئىنسانلىق ئىنسابىڭلار ۋىجدانىڭلار ۋە مۇـ
سۇلمانلىق ئىمانىڭلار بىلەن بىر ئېيتىپ بېقىڭـ
لارچۇ، دالاي لاما ئۇنۋان بەرگەن بىر ئىشانـ
نى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئورنىغا تىكلەپ، شۇنىڭ
بىر دۇئاسى بىلەن تەبىئەت ئىقلىمى ئۆزگەرـ
گەن «ئاستى كۆل، ئۈستى چۆل بولغان...» دەيـ
دىغان، يەنى بىر سوپىنى (ئادەمنى) ئاللاھنىڭ
ئورنىغا قويۇپ شۇنىڭغا ئىشىنىدىغان مەخسۇم
سۈپەت مەخلۇق كاپىرمۇ ياكى مەنمۇ؟!... ئېيـ
تىڭلارچۇ، زادى كىم كاپىر؟!!!



## خەتتاتلار مۇنبىرى



سالام سىزگە، مۇئەللىم



ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز　　　　قاھار خالىق فوتوسى


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى»　　新疆文化（维吾尔文）

(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)　　36 - يىل نەشرى 1987 - يىل 5 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58　　تىزىملانغان نومۇرى: 414

ئاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055. باھاسى 30 پۇڭ



جدادلار ئىزىدىن    ئىمىنجان سىرغان    (ماي بوياق)